www.kitaphumar.com

# مۇھەممەد قادىر بارخاننىڭ تارىخى ئىزدىنىشلىرى

## (ماقالىلەر توپلىمى)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 8-ئاي
مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

# مۇندەرىجە


1.«قاراخان» دېگەن «قارا» نىڭ قىسقىچە تارىخىي تەبىرى....... 3

2.ئۇيغۇر (تۈرك) باش كېيىمى ۋە ئاتۇش دوپپىسى ............. 10

3.«ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاش قۇراللىرى تېپىلدى ............. 31

4.قۇتقۇزۇۋېلىش خاراكتېرلىك «سۇلى دۆلىتى» خارابىلىكى تەتقىقاتى ................................. 45

5.بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغان جاي تېپىلدى .................. 70

6.«كاتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدە .................. 78

7.ئۇيغۇر نامىنىڭ ماددىي ئىسپاتى «قور» ھەيكىلى تېپىلدى .... 92

8.ھون نامىنىڭ تارىخى ھەققىدە..........................148

# «قاراخان» دىكى «قارا» نىڭ قىسقىچە تارىخىي تەبىرى

## مۇھەممەد قادىر بارخان

تارىخى ئاتالغۇ «قارا» مەھمۇد قەشقەرى بۈۋىمىز «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «يۇقۇرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن»؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى»؛ سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكېرىم بۇغرا قاراخاننىڭ «مەن ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسياپ) نىڭ ئەۋلادىمەن...» دېگەن تارىخىي ئىبارىلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تارىختىكى «چىن» نامى بىلەن «قارا» نامى بىۋاستە باغلىنىشلىق. «قارا» ۋە «قاراخان» ئاتالغۇسىنى ئوگۇشلۇق ھەل قىلىش، تارىختىكى «ئۈچ چىن»(«ئۈچ قورىقان»)نىڭ جايلىشىشىدىكى تەرەپ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا قاراخانلار خاندانلىقى شاھلىرىنىڭ تارىخى سەلتەنەتىگە ئۇدۇم بېغىشلىغۇچى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسياپ)غا مۇناسىۋەتلىك بىباھا تارىخى قىممەتكە ئىگە نازۇك مەسىلە. بەزىلەر تەتقىقاتچىلار «قارا» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ مەنىسىنى-ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك، تەڭداشسىز، ئالەمشۇمۇل- دېگەن سۆزگە تۈگەللىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئاتالغۇنىڭ يۈزە ھالدىكى مەنىسى شۇيەردىكى ھەرقانداق شاھ ۋە شاھىنشاھنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۇلارنىڭ شاھلىق تاجى ۋە شاھلىق سەلتەنەتىدىنلا مەلۇم. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلىگى بىلەن شەكىللەنگەن ئىنسانىنىڭ تەبىئىي ھېس-تۇيغۇسى... شاھلارنىڭ قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك ۋە ئۇلۇغلۇق ماقامىدا تۇرىشى «قارا» ئاتالغۇنى ئىشلەتمىگەن ئەھۋالدىمۇ كۈچكە ئىگە ئىدى. مىسال، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى ئەجدات ئاتىسى ۋە تۇنجى پادىشاسى «ئوغۇزخان» ئۆزىنى «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاسى» دېگەن بولسا، «تۈركى تىللار دىۋانى» ئوغۇزخاننى «ئاتاساغۇن-تىۋىپ» دەرىجىسىدە سۈپەتلەيدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم»دە «تىۋىپ» نى پادىشاھنىڭ

يەنە بىر سۇپىتى ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەن. بۇلاردىن مەلۇمكى «قارا»نىڭ ئالدى-كەينىگە قوشۇلغۇچى ئۇلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئادەتتىكى رەڭنىلا كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەمما «قارا»غا ئارقا ۋە ئالدى قوشۇلغۇچى ئۇلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر خاس ئۇقۇمنى شەكىللەندۇرىشىدە شەك يوق. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزدىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلىغا پۈتكۈل مەملىكەتنى (شەرىقتىن غەرىپ يۆلىنىشى بويىچە) ئۈچكە بۆلۈپ بېرىدۇ. بۇ «تۆركى تىللار دىۋانى»دىكى «ئۈچ چىن-يۇقىرى چىن (تاڭغۇز-توڭغۇس)، ئوتتۇرا چىن (ئارچىن-قاراشەھەر) ۋە تۆۋەن چىن (ماچىن-مۇرچىن-غەربى چىن-قاراچىن)دىن ئىبارەت.

«چىن» بىلەن «قارا»نىڭ بىۋاستە باغلىنىشىنى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك قامۇسى «ئوغۇزنامە» ئارقىلىق چۈشىنىش بىزگە ئالاھىدە قۇلايلىق بېغىشلايدۇ. «ئوغۇزنامە»دە «... ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك. ئوغۇز خاقانىنىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، بوز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى، بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇيقۇدىن كېيىن، ئۇ چۈشىگە كەچكەنلەرنى ئوغۇز خاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:” ھەي خاقانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن؛ ھەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل-نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن؛ كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت، ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇغىغا بۆلۈپ بەرسۇن دەپ. ” ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ھەمدە:” ئېيتقىنىڭ كەلسۇن ” دېدى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا، باللىرىنى چاقىرىپ ئېيتتىكى:” ھەي ئوغۇللىرىم، ئۇۋنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ. ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئۇچىڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار. ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئۇچىڭلار تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە بېرىڭلار.” بۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە، قالغان ئۈچى تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كەتتى. كۈن، ئاي،

يۇلتۇز نۇرغۇن ھايۋان، قۇشلارنى ئوۋلىدى، ھەممە يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالىدى، شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەممە ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى:" ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككە ئېتىڭلار." يەنە شۇندىن كېيىن ، ئاسمان ، تاغ، دېڭىز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىدى، يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالىدى ھەممە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەممە ئوقلارنى ئۈچىگە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى:" ھەي ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بوي سۇنۇڭلار". شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى. نۆكەرلىرىنى، ئەل-جامائەتنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ بامەسلىھەت ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا ... ئوڭ تەرىپىگە، قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ئولتۇردى، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى. قىرىق كېچە-كۈندۈز توي بولدى. يېيىشتى ،ئىچىشتى، خۇرسەن بولۇشتى. شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، ئېيتتىكى:" ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى شاد ئەيلەتتىم، تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم. ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن...» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ.

بۇ يەردىكى ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر تارىخىي ئۇچۇر «... ئوغۇز خاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، بوز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى، بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. » بايانى بىلەن «ئۇلۇغ تۈرك» دېگەن كىشىنىڭ پۈتكۈل تۈرك زېمىنىنى

ئۈچكە بۆلۈپ باشقۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى مۇمكىنلەيدۇ؛ «...كۈن، ئاي، يۇلتۇز... بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى، شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەمدە ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى:" ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككە ئېتىڭلار."... ئاسمان ، تاغ، دېڭىز ... يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەمدە ئوقلارنى ئۈچىگە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى:" ھەي ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بوي سۇنۇڭلار"» دېمەككى ئوغۇزخان پۈتكۈل تۈرك زېمىنىنى ئۈچكە بۆلۈپ ئۇنى «كۈن» ، «ئاي» ۋە «يۇلتۇز»غا بۆلۈپ بېرىپ، «يا ئوقنى توغرىلايدۇ» دېگەن ھېكمەت بىلەن «دېڭىز» ، «تاغ» ۋە «دەريا»دىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلىنىڭ يۇقارقى ئۈچ ئوغلىغا شەكسىز بوي سۇنىشىنى تەكىتلەيدۇ.

يۇقىرىقى تەسۋىر بويىچە، ئوغۇزخانىنىڭ پۈتكۈل تۈرك زېمىنىنى ئۈچ ئوغۇلغا بۆلۈپ بېرىپ «ئۈچ چىن» (ئۈچ قېرىنداش) دۆلىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى، «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «ئۈچ چىن» ۋە «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» بىلەن تامامەن زىپچىلاشقان.

گەرچە، ئوغۇزخان دەۋرىدە «ئۈچ چىن» («ئۈچ قورىقان»-ئۈچ قېرىنداش دۆلىتى) «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكىدەك «يۇقۇرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن » دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، مۇقەررەر ھالدا «تاڭ غۇز» (توڭغۇس- كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئوغۇزلار)، «ئارچىن» (ئوتتۇرا چىن) ۋە «ماچىن» (مۇرچىن- غەربى چىن) نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ئېنىق.

بىزنىڭ تەھلىلىمىز ئاستىدىكى «قارا» دەل ئەشۇ «ماچىن» (مۇرچىن - غەربى چىن) نىڭ ماھىيەتلىك ئۇقۇمى بولۇپ، «ماچىن»(مۇرچىن)گە «تۈركى تىللار دىۋانى»(1-قىسىم، 447-بەت)دە مۇنداق ۋاستىلىق ئۇچۇر قالدۇرۇلغان «مۇر ئۈچ-قارامۇچ»(يېمەك-ئىچمەككە تەم تەڭشەيدىغان قارامۇچ ئۆسۈملىكىنىڭ ياپراق ۋە غولى يېشىل ئۈچى قارا بولغاچقا <مۇرئۈچ- ئۈچى قارا> دېيىلگەن)... ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ئوت قالايدىغان

ئۇچاقنىڭ تۇتۇن چىقىدىغان تۆشىكىنى «مورا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى «مورا»دىكى «مور» ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. دېمەك، «ماچىن» (مۇرچىن) دىكى «ما»(مۇر) تارىخى ئاتالغۇ «قارا»نى ئىپادە قىلىدۇ. غەربى چىن ۋە غەربى چىننىڭ پادىشاسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى «قارا» نامى تارىخى تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇر (تۈرك) تىلىنىڭ «قارا»نى ئىپادە قىلىشىمۇ ئوخشاش بولمىغان تەرزدە ئىپادىلەندى. دەسلەپتە «مۇر» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ يىمىرىلمەس دەلىلى ھازىرقى قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىكى يەنى بەشكىرەم بىلەن قۇمسېغىر ئوتتۇرىسىكى «مۇرتۇم»نىڭ تىل يىلتىزى «مۇر ئاتام» بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە «غەربى چىن»نىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچى شاھ سالاپىتىدىكى ئەجدات ئاتىمىزنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا «مۇرتۇم» (مۇرئاتام) ئۇقۇمى «كونا مۇرتۇم» ۋە «يېڭى مۇرتۇم»-دەپ ئىككىگە ئايرىلماس ئىدى. ئىككىنچى باسقۇچتا «فەغفۇرچىن»-دەپ ئاتالغان. «فەغفۇرچىن»نىڭ تىل يىلتىزى «پام+مۇر+چىن» بولۇپ، «پام» بىلەن «مۇر»دىن ئىبارەت ئىككى بوغۇم تىل تاۋۇشلىرىدا بىرلىكتە قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەندە تەبىئىي ھالدا «فەغفۇر»غا ئۆزگىرىشى تەبىئىي. سەۋەبى، ئەسلىدىكى «پام»نىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «م» بىلەن «مۇر»نىڭ بىرىنچى تاۋۇشى «م» ئۇچراشقاندا ئىككى «م» تاۋۇشى كېيىنكى «فەغفۇر» ئۆزگىرىشىدىكى «غ» ۋە «ف»نى شەكىللەندۇرگەن. تۆتىنچى باسقۇچتا «سۇلمى» (سولمۇر) تەرزدە ئىپادىلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 329-يىللاردا ئىسكەندەر زۇلەرنەيىننىڭ تۈركلەر بىلەن «پۇتۇم» تۇگەندىن كېيىن تارىختىكى «بەش شەھەر»نى سېلىپ، تۇنجى شەھەرنى «سۇلمى» -دەپ ئاتاپ «غەربى چىن»نىڭ ئۆزگىچە يەنە بىر نامىنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا ھازىرقى قەشقەر نامىنىڭ قەدىمدە «سۇلى»-قۇللار دۆلىتى دەپ ئاتالغانلىقى ھەرگىز سەۋەپسىز ئەمەس. بەشىنچى باسقۇچتا «مۇر»(مۇرچىن)نىڭ تارىخى تەكرارىنىڭ تىل تاۋۇشلىرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگىرىشىدىن كېيىن «ما»(ماچىن) بىلەن ئىپادىلەندى. تارىخى مەنبەلەردىكى خوتەن ۋە قەشقەرنىڭ «ماچىن» نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ھەممىزگە ئايان. ئالتىنچى باسقۇچتا «ئولتۇرۇشخان» (كۆن ئولتۇرىدىغان تەرەپتىكى خان)-دەپ ئېلىنغان. ئىران خەلقىنىڭ ئەڭ

قەدىمقى داستانى «ئاۋېستا»دا تىلغا ئېلىنغان «ئۆلتۈرۈشخان» بىلەن «قاراخان» (黑天) بىرى بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ بولۇپ، ماھىيەتتە «قاراخان» (黑天) بىلەن «ئۆلتۈرۈشخان» پۈتۈنلەي ئوخشاش مەناغا ئېگە ئىككى ئاتالغۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ «ئاۋېستا» غا ئوخشاش بولمىغان مەنىدە كىرىپ قېلىشى، ئىرانىنىڭ قەدىمقى تارىخچىلىرى تۇران (ئەجداتلىرىمىز) بىلەن ئىرانىنىڭ كەسكىن زىددىيىتى تۈپەيلى «قاراخان» نى «ئۆلتۈرۈشخان» دەپ ئېلىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان «ئۆلتۈرۈشخان» ئاتالغۇسى «ئولتۇرۇشخان» بولۇپ «ئولتۇرۇش-كۆن ئولتۇرىدىغان، كۆن كىرىدىغان تەرەپ، غەرب تەرەپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. دېمەككى «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «تۆۋەن چىن» شەكسىز ھالدا «غەربى چىن»نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ «غەربى چىن»نىڭ چايلىشىش ئورنى قالغان ئىككى «چىن» يەنى «يۇقىرى چىن» ۋە «ئوتتۇراچىن»نىڭ غەربىدە بولغاچقا ئۇنى كۆن ئولتۇرۇش تەرەپتىكى «ئولتۇرۇشخان» («قاراخان»)دەپ ئاتىغان. بەشىنچى باسقۇچتا «موم ئاتام»-دەپ ئېلىندى. بۇ يەردىكى «موم» ئاتالغۇسى قارا رەڭنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە ئىختىيارسىز ھالدا ھازىرقى موزدۇز ئۇستاملارنىڭ ئاياق تىككەندە يىپىنى قارىدىتىدىغان قارا نەرسە «موم»دىن ئىبارەت كەسپى ئاتالغۇسىنى ئەسلىتىدۇ. ھازىرقى ئاتۇش شەھرىنىڭ ئارغۇ يېزىسى توغراق كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاغنىڭ بىر جىلغىسى «مومپاتلام» (موم ئاتام)-دەپ ئاتىلىپ تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئۇ جاينى تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ جىلغىدىكى «مومپاتلام» مازىرى قەدىمكى «غەربى چىن»نىڭ قۇرغۇچى شاھلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. يەتتىنچى باسقۇچ، يۇقارقى ئالتە ئۇقۇمنىڭ ئاخىرقى تۈگەللىنىشى بولغان «قارا» ئاتالغۇسىدۇر. ئوقۇرمەنلەر شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەككى، «قارا» ۋە «قاراخان» ئاتالغۇسىنىڭ مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى ئىران خەلقىنىڭ «ئاۋېستا»دا تىلغا ئالغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇنى ھەرگىزمۇ نوقۇل ئوتتۇرا ئەسىردىكى قاراخانلار خاندانلىقىغىلا تۈگەللەپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئومۇمەن، «ماچىن»(مۇرچىن) غەربى چىننى كۆرسەتكەن ئىكەن، ئەڭ قەدىمكى ئەجداتلىرىمىز كۆن كىرىش تەرەپنى «قارا» رەڭ پەرقى بىلەن

ئېلىپ، كېيىنچە «ماچىن» (مۇرچىن) تارىخى تىل ئىستىمالىمىزدىن قېلىپ «قاراچىن» ۋە «قاراچىن»نىڭ پادىشاسى «قاراخان» نامى بىلەن بوگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا بىز، «قاراخان» شاھلىرىنىڭ سەلتەنەتىنى نوقۇل «قاراخانىلار خاندانلىقى»نىڭ ئۈچ يېرىم ئەسىرلىك چەكلىك مۇددىتى بىلەنلا قاراپ قالماي، ئۇنى ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئىي تەراكىمە»دە قەيت قىلىنغان «ئوغۇزخان پەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن...» دېگەن سۆزى ۋە سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكېرىم بۇغرا قاراخان «مەن ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئەۋلادى» دېگەن سۆزى بىلەن باغلاپ، «ماچىن»(غەربى خان)نىڭ ئالاھەزەل 5400 يىللىق تارىخى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشىمىز كېرەك...

مەنبە :ئۇيغۇرلار تورى

# ئۇيغۇر (تۈرك) باش كىيىمى ۋە ئاتۇش دوپپىسى

**مۇھەممەد قادىر بارخان**

باش كىيىم مەدەنىيتى ئىنسانىيەت مەدەنىيتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. جۈملىدىن، ئۇيغۇر (تۈرك) باش كىيىمى ئۇيغۇر (تۈرك) مەدەنىيتىنىڭ ئەڭ يارقىن نوقتىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئون مىڭ يىلدىن ئاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرىدىن يېڭى تاش قۇرال دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان تاش قىيا سىزمىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر (تۈرك) لەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان ھايۋانلارنىڭ مۆڭگۈزى ۋە باشقا ئالاھىدە گەۋدىلىك ئەزالىرىنى باش كىيىمى قىلىپ، ئىپتىدائىي جامە سورۇنلىرىدا نامايەن قىلىشقا باشلىغان. تۈنجى باش كىيىم، دائىملىق تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قار، يامغۇر، بوران ۋە ئىسسىق-سوغاقتىن ساقلىنىشتا باش قىسمىنى قوغداش زۆرۈرىيىتىدە ئەڭ دەسلەپ دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى ۋە كەكرەك بولغان يوپۇرماقلارنى باشلىرىغا ئارتىۋېلىش بىلەن پەيدا بولغان بولسا، كېيىنچە ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئورمانلار ۋە يايلاقلاردىكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرالايدىغان كەركىدان، كالا قاتارلىقلارنىڭ مۆڭگۈزىگە تەققاسلانغان باش كىيىملەرنى كىيىپ، كۈندۈلۈك ئوۋ پائالىيىتىدە يىرتقۇچلاردىن قوغدۇنۇپ قالالايدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداشتىكى بۇنداق دەسلەپكى تەجرىبە، كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدا ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان تۈنجى باش كىيىم مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «فەرغانە سايىمالتاش قىياسىدىكى كۈنگە سېغىنىش ئۇسۇلى كۆرۈنىشلىرى»گە سەپسېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ باش كىيىمدە مۆڭگۈزگە ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز.

1 ـ رەسىم. فەرغانە سايمالتاش قىياسىدىكى كۆنگە سېغىنىش ئۇسۇلى كۆرۈنۈشلىرىدىكى مۆڭگۈزلۈك باش كىيىم ئومۇمىي كۆرۈنۈشى («قەدىمكى مەرگىزىي ئاسىيا»، 306 ـ بەت)



2 ـ رەسىم. فەرغانە سايمالتاش قىياسىدىكى كۆنگە سېغىنىش ئۇسۇلى كۆرۈنۈشلىرىدىكى مۆڭگۈزلۈك باش كىيىمى يەككە كۆرۈنۈشى («قەدىمكى مەرگىزىي ئاسىيا»، 306 ـ بەت)



3 ـ رەسىم. تۇرپاننىڭ پىچان سۇ بېشى كەنتىدىن تېپىلغان 2400 يىللار ئىلگىرىكى جەسەتنىڭ 45 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى باش كىيىمى («قەدىمكى مەرگىزىي ئاسىيا»، 305 ـ بەت)



4 ـ رەسىم. چەرچەن زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان 3000 يىللار ئىلگىرىكى يۇڭ تەلپەك («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 305 ـ بەت)



ئۇيغۇر (تۈرك) ئەجدادلىرىنىڭ باش كىيىمىنى 1) ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى باش كىيىملەر؛ 2) قۇللۇق (ئاتەشپەرەسلىك) دەۋرىدىكى باش كىيىملەر؛ 3) پېئوداللىق (بۇددىزىم ۋە شامانىزىم) دەۋرىدىكى باش كىيىملەر؛ 4) كاپىتالىزىم ۋە سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى يەنى ئۇيغۇر (تۈركى) مىللەتلىرىنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى باش كىيىملەر ـ دەپ ھەرقايسى دەۋرلەر بويىچە تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى باش كىيىملەر ئاساسەن ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى ئۆكتۈر، ئورمانلىق، سازلىق، يايلاق ۋە ساھىل (دېڭىز، كۆل ۋە دەريا ساھىلى) قەۋملىرىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئۆزىنى بەھەيۋەت كۆرسىتىشتە ئىشلەتكەن مۈڭگۈز ۋە ئۈزۈن قالپاقلار تىپىدىكى باش كىيىملەر، جامائە ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئالاھىدە باش كىيىملىرى (1ـ 2ـ 3ـ 4ـ رەسىملەردىكىدەك).

قۇللۇق جەمئىيەتتىكى يەنى ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىدىكى باش كىيىملەر ئاساسەن، قوياشقا ئىتىقات قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىپتىدائىي ئەنئەنە باش كىيىمى، پادىشاھلارنىڭ ھەرخىل ھەيۋەتلىك شاھ تاجى ۋە ھەرخىل ئېسىل باش كىيىمى، قۇلدارلار (يۇقۇرى تەبىقە، ئەزگۈچىلەر سىنىپى) باش كىيىمى ۋە قۇلدارلىق ھاكىمىيىتىنى قوغدىغۇچى دۆلەت ئارمىيىسىدىكى ئەسكەر ۋە ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەل پەرقى بويىچە ئۇرۇشتا كىيىدىغان ھەرخىل دوبۇلغىلىرى، قۇللار (تۆۋەن تەبىقە، ئېزىلگۈچىلەر سىنىپى)نىڭ ئادەتتىكى باش كىيىمى (5ـ رەسىمدىن 15ـ رەسىمگىچە).

5ـ رەسىم. ئاتۇش ئازاقتىن تېپىلغان 5400 يىللار ئىلگىرىكى «ئوغۇزخان» نى تەۋەللۇد قىلىۋاتقان ئايخاقاننىڭ باش كىيىمى («ئوغۇزنامە» 1ـ بەت)



6ـ رەسىم. ئايخاقان باش كىيىمىنىڭ يان كۆرۈنىشى



7ـ رەسىم. قەدىمكى (مىلادىدىن ئىلگىرى) گرېك قاچىسىغا سىزىلغان سكىف (ساكئۇد)لارنىڭ باش كىيىمى («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 304ـ بەت)



ئۇيغۇر (تۈرك)لەرنىڭ باش كىيىمىنى ئەڭ بۇرۇن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىدىن بۇرۇن 300 يىللاردا تىلغا ئالغان بولسا، ئىككى مىڭ يىللار مۇقەددەم «تارىخى خاتىرىلەر»دە ۋە مىڭ يىللار مۇقەددەم «تۈركى تىللار دىۋانى»دا يېزىقتا تەسۋىرلەنگەن. مەھمۇد قەشقەرى بۇۋىمىز «تۈركى تىلار دىۋانى»دا: «...زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇرغا يېقىنلاشقاندا، تۈرك

خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند ـ بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ...» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1ـ قىسىم، 151ـ بەت) ـ دېگەن ئالاھىدە باياننى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تىلىدىن بېرىپ، مىلىدىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر (تۈرك) باش كىيىمىنىڭ خۇددى «لاچىن قاناتلىرى»غا ئوخشايدىغانلىقىنى (7ـ رەسىمدىكىدەك قەدىمكى گرېك قاچىسىغا سىزىلغان سكىفلارنىڭ باش كىيىمى) ھالىتىدە تەپسىلى خاتىرىگە ئالغان.

8ـ رەسىم. نەقشى رۇستەمگە 2500 يىللار ئىلگىرى دارا ئىشلەتكەن ساك ئەسىرلىرىنىڭ باش كىيىمى («قەدىمكى مەرگىزىي ئاسىيا»، 304ـ بەت)




9ـ رەسىم. ياغا زەي تارتىۋاتقان سكىف (ساكئۇد) باش كىيىمى («قەدىمكى مەرگىزىي ئاسىيا»، 304ـ بەت)



10 ـ رەسىم. سۇنۇق تېڭشۋاتقان ساك باش كېيىمى (قاچىغا ئىشلەنگەن) («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 304 ـ بەت)



7 ـ 8 ـ 9 ـ 10 ـ رەسىملەردىكى ئۇيغۇر (تۈرك) لەر ئەجدادىنىڭ باش كېيىمى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تىلغا ئالغان ۋە مەھمۇت قەشقىرى يېزىققا ئالغان تەسۋىر بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشقا قەبىلە ۋە باشقا مىللەتكە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئېتنىك پەرقلىق باش كېيىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

11 ـ رەسىم. كۆنەستىن تېپىلغان 2500 يىللار ئىلگىرىكى مىس ھەيكەلنىڭ ئۇزۇن قالپىقى («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 305 ـ بەت)




12 ـ رەسىم. سكتاي سارماتىنلارنىڭ ئارقار قونىدۇرۇلغان دولبۇلغىسى («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 308 ـ بەت)




13 ـ رەسىم. ئالما ئاتا «ئېسكى قورغان قەبرىگاھلىقى»دىن تېپىلغان ساك شاھزادىسىنىڭ ئۈزۈن دوبۇلغىسى («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 301 ـ بەت)



14 ـ رەسىم. لوپنۇرنىڭ شىمالىدىن 1980 ـ يىلى تېپىلغان 3600 يىللار ئىلگىرىكى «كىروران گۈزىلى»نىڭ باش كىيىمى («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، 302 ـ بەت)



15 ـ رەسىم. يەركەندىن تېپىلغان ئۇچلۇق تەلپەك



تارىختا چارۋىچىلىقچىن دېھقانچىلىقنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى ۋە چارۋىچىلىق ـ دېھقانچىلىقتىن قولھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى بىلەن ئۇيغۇر (تۇرك)لەر قەۋملىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسمى يەنىلا قەدىمكى ھەيۋەتلىك باش كېيىملەرنى ساقلاپ قېلىپ ئۇنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ بۆگۈنكى يايلاق مىللەتلىرى باش كېيىمى سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەن بولسا؛ قولھۈنەرۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر قىسىم ئۇيغۇر (تۇرك) قەۋملىرى قەدىمكى ئەجداتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك باش كېيىملىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئىسلاھ قىلىپ بۆگۈنكى ئۇيغۇر (تۇرك) سىپتا باش كېيىمى ھالىتىگە ئېلىپ كەلدى. ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر (تۇرك) باش كېيىمى ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىپ؛ بىرى، يايلاق مىللەتلىرى باش كېيىمى؛ يەنە بىرى، دېھقانچىلىق مىللەتلىرى باش كېيىمى خاسلىقىنى تەشكىل قىلدى.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇر (تۇرك) مىللەتلىرى باش كېيىمىنىڭ بارغانسىرى رەڭدار، سىپتا، يارىشىملىق ۋە زامانىۋىلىققا ئىگە بولىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تىنچ ۋە بىخەتەرلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراشتەك دائىملىق خەۋپكە ئىگە بولمىغاچقا ئەسلىدىكى ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك باش كېيىمنى دادىل ئىسلاھ قىلالىغان.

16 ـ رەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كېيىم (1)




17ـ رەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كېيىم (2)




18ـ رەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كېيىم (3)




19ـ رەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كېيىم (4)



20ـرەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كېيىم (5)



21-رەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كىيىم (6)



22ـرەسىم. بۇددىزىم دەۋرىدىكى باش كىيىم (7)



23ـ رەسىم. دوبۇلغا باش كىيىملەر







دۆلەتمىز ئازات بولۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرمىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ، قانۇنى جەھەتتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئەركىن تەرەققى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. جۈملىدىن ئۇيغۇر (تۈرك) باش كىيىمى بۈگۈنكى كۈندە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ

تەلۋى بويىچە، ھەم ئۇمۇمىيلىقنى ھەم خاسلىقنى نامايەن قىلىشقا باشلاپ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، ھېيت ـ بايرام ۋە ھەرخىل مۇراسىملارغا ماس نەچچە مىڭلىغان رەڭدار باش كىيىملەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ئاتۇش دوپپىسى دەل ئەشۇ ئومۇمىيلىق ئىچىدىكى خاسلىق بولۇپ، ئۇنى ئاتۇشتىكى باتۇر ئەمگەكچان خەلقىمىزنىڭ ئۆز خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەجدادىن ئەۋلادىغىچە تۇتىيا بىلىپ كەلگەن «ئەنجۈر روھى»نىڭ ھەقىقى سىمۋولى ـ دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

«ئەنجۈر روھى»نىڭ ئاتۇش خەلقىنىڭ خاس روھىغا ئايلىنىشىنىڭ تۆپ سەۋەبى؛

بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىي چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداد ئاتىسى ئادەم ئاتا بىلەن ئاجدات ئانىسى ھەۋۋا ئانا ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلىپ جەننەت ھوزۇرىنى سۈرۈش جەريانىدا چەكلەنگەن بۇغداينى يەپ قويغانلىقتىن گۇناھكار بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك تەرىتى قىستاپ ياراتقۇچى ۋە جەننەتتىكى ھۆرى ـ غىلمانلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۇرۇنغان، جەننەتتىكى بارلىق دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك ئۆلارنىڭ دالدىلىنىشىنى رەت قىلغاندا، پەقەت ۋە پەقەت ئەنجۈر دەرىخىلا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنۇش تەلۋىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز دالدىلىسىغا ئالغان. بۇ سەۋەپلىك ئەنجۈر دەرىخى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى پاناگاھى دەپ قارىلىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەنلىكىدە.

ئىككىنچىدىن، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتىكى چاغدا تۇغما، كىيىم ـ كېچەكسىز قىپيالىڭاچ ھالەتتە يۈرگەندە، ئەنجۈر دەرىخى ئۆزىنىڭ كەڭ يوپۇرمىقىنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋرىتىنى يېپىشىغا ياردەمدە بولغان. شۇڭا ئاتۇش خەلقى ئەنجۈر ياپرىقىنى ئىسلام ئەخلاقىنىڭ تۇنجى ئەخلاق مىزانى ـ دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەنجۈر ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك مېۋە بولغانلىقتىن «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئەنجۈر ئاتالغۇسىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى «چۈر» (جۇر)گە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «چۈر ـ مەنپەئەتلىك، نەپ» (1 ـ قىسىم، 423 ـ بەت). «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «چۈر»نىڭ مەنا مەنبىيىدىن قارىغاندا ئەنجۈر تىل يىلتىزى «ئاناچۈر» بولۇپ «ئاناچۈر» (ئەنجۈر) ـ ئانىدەك

مەنپەئەتلىك، ئانىدەك نەپ بەرگۈچى ـ دېگەن يەشمىگە ئېگە بولۇپ، ئۇنىڭ يەنىلا جەننەتتىن چۈشكەنلىكىدەك تەسىرلىك كەچمىشىنى ئەسلىتىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈر ماكانى بولغانلىقىدىن.

ئۇنداقتا ئاتۇش دوپپىسى قانداقسىگە «ئەنجۈر روھى»نىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى؟

ئاتۇش دوپپىسىدىكى كەشتىلەنگەن بەلگە 24ـ رەسىم بىلەن 25ـ رەسىمدىكى ئەنجۈر تۈغۈمنى سېلىشتۇرساق تامامەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئوخشاشلىق ئاددى، تاسادىپى ھالدىكى ئوخشاشلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئەنجۈرنىڭ بىز يۇقۇردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۆت ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلانغان ئەنجۈر تۈغۈمىنىڭ كەشتىگە ئايلانغاندىكى ئاتۇش دوپپىسىنىڭ «ئەنجۈر روھى»غا سىمۋوللانغان يۈكسەك مەدەنىيەت قىممىتىدۇر.

24ـ رەسىم، ئاتۇش دوپپىسىدىكى كەشتە بەلگىسى



25ـ رەسىم. ئەنجۈر تۈگۈمى



بىز يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا 26ـ رەسىمدىكى ئاتۇش دوپپىسىنىڭ كەشتە روشەنلىكى بىلەن 27ـ رەسىمدىكى ئەنجۈرنىڭ ئىككىگە پارچىلانغاندىكى ئىچكى شەكىل كۆرۈنىشىنى سېلىشتۇرما قىلغىنىمىزدا، دوپپىدىكى رەڭلىك كەشتە بىلەن ئەنجۈر تۈگۈمى ئىچكى كۆرۈنىشىنىڭ تېخىمۇ بىردەكلىكىكە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. دېمەك ئەنجۈرگە تەقلىدلانغان رەڭلىك كەشتىنىڭ ئەنجۈر ئىچكى تۈگۈمى رەڭگى بىلەن ماسلىشىشچانلىقى ماھىيەتتە ئەنجۈرنىڭ چېچەكسىز مېۋە بېرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەقىقى چېچىكى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىكەنلىكىدەك ماھىيەتنى نامايىش قىلغانلىقىدا...

26-رەسىم. ئاتۇش دوپپىسىكى كەچتە روشەنلىكى



# «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاش قۇراللىرى تېپىلدى

«ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى 1981 ـ يىلى ئاتۇش ئاغۇ ئاچچىقتىن تېپىلغان بولۇپ، ئارخىلوگىيە موتىخەسسىسلىرىنىڭ ھۆكىمىچە ئاز دېگەندىمۇ 17 مىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياش ئەتراپىدىكى ئەرنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

1 ـ رەسىم. «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى



گەرچە، تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەك مەدەنىيەت ئاملى ھېساپلانمىسىمۇ، ئەمما، ئەشۇ «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرىدىن بايقىلىۋاتقان تاش قۇراللار

بىلەن بىرونزا قۇراللار،"تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەك"نىڭ زۆرۈر ماددى ئىسپاتى بولۇش بىلەن بىرگە، بىباھا مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە.

ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرى-ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى باشلىنىش مۇراسىمى؛ ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرى-ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشىكى ۋە «ئالتۇن ئاچقۇچى»؛ ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرى-تەقۋىدار مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىت ئۇچقۇنى، ئوتلۇق خىتاۋى ۋە ھەغدالىق شۇئارىدۇر.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققى قىلىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبىكتىپ قانۇنىيىتى. بۇ قانۇنىيەت، تەرەققىياتنى ئالدىنقى شەرت قىلىشلا ئەمەس بەلكى، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ مۇئەييەن ماكان چەمبىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، زامان ئۆزلىكسىزلىكى بىلەن ھايات كەچمىشلىرىنىڭ ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە ئىزچىل تەكرار ئۇلىنىشى ئارقىلىق، يەككىلىكتىن مىللىيەتلىككە سىلجىپ، ئۆز خاسلىقىنى مەدەنىيەت قىممىتىگە كۆتۈرىشىنى كۆرسەتسە كېرەك. مىللىيەتلىك -نىڭ ئومۇمى مەدەنىيەت قىممىتى نوقۇل، بۈگۈنكى زامانىۋىلىق بىلەن ئۆلچەنسە، ئۇنىڭ ئىپتىداسىدىن ئىنتىھاسىغىچە بولغان مەۋجۇتلۇق ئۇرۇنۇشلىرىدىكى ئىزگۈ خاتىرلىرى رەشك ئوتىدا كۆيگەن بىلەن باراۋەر.

ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرىدىن ئىبارەت مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى ئۆچىگى، ھەممە دۆلەت ۋە ھەممە مىللەتكە نىسبەتەن بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ تاسادىبى ئامەت ئەمەس! ياكى، ساختا مەيداندىكى كارامەتمۇ ئەمەس!! بەجايىكى ئۇ، يەر شارىنىڭ جەنۇبتىكە تەققاس خاسىيەتلىك نوقتىلىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك شەرتلەر بىلەن بىئولوگىيىلىك شەرتلەرنىڭ ئىنسان مەۋجۇتلىقىغا داغدام يول ئاچقاندىكى تۇنجى «ۋەتەن»دۇر.

«ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى تېپىلىپ، غەربىي يۇرتتا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى ئارخىلوگلار ۋە ئىنسانشۇناسلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئائىت ماددى ئىسپاتلار تېپىماي، ئۇنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىگە ياكى يېڭى تاش قورال

دەۋرىگە ۋەياكى بىرونزا قۇراللار دەۋرىگە مەنسۇپلىكى تېخىچە ئېنىقلانمىغان ئىدى. مەن (ئاپتۇر) 1989 ـ يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە ئاتۇش شەھرىنى مەرگەز قىلغان ئاساستا، «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ ياشاش ئېھتىمالى بولغان 1600 كۋئادرات كىلومېتىر دائىرىدە 24 يىل ئىزدىنىپ ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈم.

«ئاتۇش ئادىمى»نىڭ دائىملىق پائالىيەت دائىرىسى نەچچە مىڭ كۋئادرات كىلومېتىر دائىرە بولۇپ، بۇ دائىرىدىن ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزنالىرى بايقالغان ئورۇنلار: 1) كاتتايلاق زىمىنىغا تەۋە باچاك ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسى؛ 2) باچاك ھاگراي ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسى؛ 3) ئاتۇش شەھرى نۇرلۇق باشقارمىسىغا قاراشلىق تەختىيۇن كەنتىگە تەۋە پاپا تۆشۈك ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسى؛ 4) ئارغۇ ئاچچىغ ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسى؛ 5) ئارغۇ قاراتاغ موماتلا جىلغا ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسى.

بۇ ئورۇنلارنى تۇنجى بايقىغۇچى مۇھەممەد قادىر (ئاپتۇر).

## بۇ ئورنلاردىن بايقالغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار:

2 ـ رەسىم. باچاك ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش تەڭنە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاش پىچاق:




3 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تەكرار ئىشلىتىلگەن تەگلىك ئويۇق تاش ۋە ئەزكۈچى تاشلار:




4 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تۇتقۇچلۇق سوقما تاش ۋە ئەزگۈچى تاش:




5 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش توقماق (ئوتتۇردىكى) :




6 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش تاختا، تاش تاختا ئۈستىدىكى تاش توقماق ۋە قوپال تاش پىچاق:




7 ـ رەسىم. باچاك ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش كەتمەن ۋە تاش پالتا:




8 ـ رەسىم. باچاك ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش كەتمەن، تاش پالتا ۋە تەكرار ئىشلىتىلگەن بىلەي سۇنۇقلىرى:




9 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان سول تەرەپتىكى ئۈچ تاش پىچاق:




10 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان ھەرخىل چاقما تاشلار:








11 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تۈنجى تاش ئۇپا:




12 ـ رەسىم. باچاڭ ئاغزى ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان كوزا تۇتقۇچىدىكى ئادەم سۈرىتى قاپارتمىسى:




13 ـ رەسىم. باچاڭ ھاگراي ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش بىلەي:




14 ـ رەسىم .باچاڭ ھاگراي ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان يا ئوقنىنىڭ ئۇچلىرى:




15 ـرەسىم. باچاڭ هاگراي ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تېرە ئاياق:




16 ـرەسىم. باچاڭ هاگراي ئېپتىدائىي ئىنسان ئىزناسى تاش مۇنچاق ۋە ساپال مۇنچاق:




17 ـ رەسىم. باچاك ھاڭراي ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان بىلەيسىمان تەگلىك تاش ۋە سوقما تاشلار:



18 ـ رەسىم. ئاتۇش شەھرى نۇرلۇق باشقارمىسىغا قاراشلىق تەختىيۇن كەنتىگە تەۋە پاپا تۆشۈك ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش پىچاق:



19 ـ رەسىم. ئاتۇش شەھرى نۇرلۇق باشقارمىسىغا قاراشلىق تەختىيۇن كەنتىگە تەۋە پاپا تۆشۈك ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان ئىككى خىل يائۇچى ۋە يائۇچى ماتېريالى:



20 ـ رەسىم.ئارغۇ قاراتاغ مومپاتلا جىلغا ئىپتىدائىي ئىنسان ئىزناسىدىن تېپىلغان تاش مۇنچاق ۋە پۇچۇق تاش بىلەي:




تۆگىدى.

# قۇتقۇزۇۋېلىش خاراكتېرلىك «سۇلى دۆلتى» خارابىلىكى تەتقىقاتى

مۇھەممەد قادىر بارخان

كىشىلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ بېيىش قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا يېقىندىن بېرى «قەدىمكى سۇلى دۆلتى» خارابىلىكىنىڭ ئاققاش تەرەپ (قەشقەر تەرەپ) بۆلىكى تەۋەلىكىدە نەچچە ئون مىڭ مو يەر ئېچىلىپ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەدىمى چۈشكەن بۇ قەدىمكى ئىزنا يوقۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن، كەڭ جامائەتنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك يۇقۇرى ئورگانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش مەقسىدىدە مەزكۇر خارابىلىكنى قۇتقۇزۇۋې ـلىش خاراكتېرلىك بۇ تېما يېزىپ چىقىلدى.

## 1ـ«قەدىمكى سۇلى دۆلتى خارابىسى»

مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرى «سۇلى دۆلتى خارابىسى» نىڭ تارىخى ئېنىقلىمىسىغا بۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «ئاتۇش شەھرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى ئازاق يېزىسى قۇمسىغىر كەنتىنىڭ غەربى جەنۇبىدا بىر قەدىمى شەھەر خارابىسى بار. قەدىمى شەھەر خارابىسى توقاي دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان. خارابىنىڭ ئوتتۇرىدا يەرنى كېسىپ ياسىغان بىر توپا مۇنار بار، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى 20 مېتىر يەردە يەنە بىر بولۇتسىمان توپا دۆۋىسى بار. بۇ يەردىن لاي بوت بايقالغان. بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ بۇرۇن بىر قەدىمى بۇتخانا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، چاسا توپا دۆۋىسى بىر غايەت زور مۇنارنىڭ ھۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر شەرق غەرب تەرەپلىرىدە يەنە خەن سۇلالىسىغا ئائىت تۇرا، ئىبادەتخانا،

بۇددا مۇنارى قاتارلىقلار بار. قەدىمى خارابىنىڭ نەچچە ئون كۇۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىسىدىكى يەرلەردە كۆپ مىقداردا ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ بىر كۇۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدە ساپال پارچىلىرى زىچ چېچىلىپ ياتىدۇ. ساپال پارچىلىرى كۆپرەك، قىزغۇچ قوڭۇر، قارا ساپال، كۆپ تۇتقۇچلۇق قازان، كوپ، تۇۋاق قاتارلىقلارنىڭ پارچىلىرى -دۇر. خارابىدىن يەنە تۆت يەردە تۆت چاسا شەكىلدىلىكى قەلئە بايقالغان، خارابىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر نەچچە ئورۇندا ئېگىز تۇرالارنىڭ خارابىلىرى بار. قۇمسىپغىر خارابىسى دەسلەپكى قەدەمدە قەدىمكى سۇلى دۆلىتىنىڭ خارابىسى دەپ پەرەز قىلىنماقتا. لېكىن بەزىلەر ئۇنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خان ئوردىسىنىڭ خارابىسى ھازىرغا قەدەر مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دەپ قارايدۇ. خارابىنىڭ ئوتتۇرىدىكى چوڭ توپا مۇنار بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ ھۇل قىسمى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئاستى قەۋىتى جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1.8 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 11.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.6 مېتىر، ئوتتۇرا قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 1.8، مېتىر، ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ قەۋەت بويىچە تارىيىپ بارغان. مۇنار سىلىندىر -سىمان شەكىلدە. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 6.4 مېتىر، مۇنارنىڭ ئومۇمى ئېگىزلىكى 6 مېتىر كېلىدۇ، مۇنارنىڭ ئۈچى يايسىمان شەكىلدە. مۇنارنىڭ يېنىدا كۆمتۈرۈلگەن كۇرەك شەكىلدىكى توپا دۆڭى بولۇپ، بۇ بىر يېقىلغان بۇددا مۇنارىنىڭ ھۇلىدۇر. (ئاستىنىڭ كەڭلىكى مېتىر 23.5، ئۈچىنىڭ كەڭلىكى 14.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 11 مېتىر). بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىلغان تام سېپىللارنى يەنىلا پەرق ئېتىش مۇمكىن. بۇ بۇددا مۇنارى تەخمىنەن خەن دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ دۆلىتىمىزگە تارقالغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. خارابىنىڭ ئەتراپىدىكى ئون، يىگىرمە كۇۋادرات كىلومېتىرلىق گۈللەنگەن بىر دائىرىدىن قەدىمى ساپال، تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ پارچە-سۇنۇقلىرى ۋە مارجان، بىزەك بۇيۇم، قاپارتما ھەيكەل، قەدىمقى پۇللار، قورال، ئوقيا بېشى دەستىسى قاتارلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىنغان. بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ قەدىمدە بىر گۈللەنگەن شەھەر بولۇپلا قالماستىن يەنە بىر جەڭ مەيدانى بولغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ. بۇ خارابە قەدىمى سۇلى دۆلىتى ياكى قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.»

گەرچە يۇقۇردا كۆرسىتىلگەندەك«قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى» نىڭ ھازىرقى كۆرسەتمە تاختىسى ئازاق يېزىسىغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تارىخى نوقتىلىرىدىن «ئارادۇك خارابىسى»، «ھېسار ئاتام خارابىسى»، «خانسۇپا خارابىسى»، «تىم قورغان خارابىسى» ۋە «كونا مۇرتۇم خارابىسى» كاتتايلاق زىمىنىغا تەۋە بولغاچقا، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن ئاساستا تەتقىق قىلىش، مەلۇم ماھىيەتلىك يەكۈنگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

«مۇرتۇم خارابىسى»«خانۆي»،«ئاققاش مۇنار خارابىسى»، «ئارادۇك خارابىسى»،«ھېسار ئاتام خارابىسى»،«خانسۇپا خارابىسى»، «تىم قورغان خارابىسى» ۋە «كونا مۇرتۇم خارابىسى» قاتارلىق تارىخى نوقتىلارنى «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى»غا تەۋە دەپ قارىغىنىمىزدا؛ «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى»نىڭ مەركىزى قىسمى قۇمسېغىر، بەشكىرەمنىڭ شەرقى، ئاققاش، لەڭگەرنىڭ شىمالى، كاتتايلاق كۆتەمە مەھەللىسىنىڭ غەربى، چۇشۇرگە ۋە تېجەن كەنتلىرىنىڭ غەربى جەنۇبى، سالاتلار ۋە كېچىگىزنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربى نوقتىدىن شەرقى نوقتىغىچە بولغان ئارلىقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇپقىچە بولغان ئارلىقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، ئومۇمى يەر مەيدانى 600 كۋادىرات كىلومېتىر. «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى» خارابە-قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىگەللىگەن كۆلىمى؛ قۇمسېغىردىن «مۇرتۇم خارابىسى»غىچە، «مۇرتۇم خارابىسى»دىن «خان ئۆي»گىچە، «خان ئۆي»دىن «ئاققاش مۇنار خارابىسى»غىچە، «ئاققاش مۇنار خارابىسى» دىن «كونا مۇرتۇم خارابىسى»غىچە، «كونا مۇرتۇم خارابىسى»دىن «خان سۇپا خارابىسى» غىچە، «خان سۇپا خارابىسى»دىن «تىم قورغان خارابىسى» غىچە، «تىم قورغان خارابىسى»دىن «ئارا دوك خارابىسى» غىچە، «ئارادوك خارابىسى» دىن «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسىنىڭ كۆرسەتمە تاختىسى» غىچە، «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسىنىڭ كۆرسەتمە تاختىسى» دىن قۇمسېغىرغىچە بولۇپ تەخمىنەن 200 كۋئادىرات كىلومېتىردىن كەم ئەمەس. قالغان 400 كۋئادىرات كىلومېتىر زىمىن «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى

خارابىسى» نى ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان چىگرا بوشلۇقىدەك قىلىدۇ.

53-رەسىم، «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى»نىڭ كۆرسەتمە خەرىتىسى




(1)«سۇلى»نىڭ مەركىزى
(2) «ئارادۆڭ خارابىسى»
(3) «هاسائاتام خارابىسى»
(4) «كونامۇرتۇم خارابىسى»
(5) «تىم قورغان خارابىسى»
(6) «خان سۇپا خارابىسى»
(7) «تۇر خارابىسى»
(8) «مۇرتۇم خارابىسى»
(9) «خان ئۆي خارابىسى»

(10) «باش قاش»
(11) «ئوتتۇرا قاش»
(12) «ئاياق قاش»
(13) «ئاققاش»

«قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى»نىڭ تەۋەلىكىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇشىنى تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ؛ بىرىنچى، مەركەز گەۋدە قۇرۇلۇشى. «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى كۆرسەتمە تاختىسى» نىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر چوڭ ئورۇدا قەلئە ئىزناسى بولۇپ، قەلئە ئىچىدە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى، بىر بۇددا مۇنارى ئىزناسى، بولغاندىن سىرىت، قەلئە ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ غۇۋا ئىزناسى ساقلانغان. بۇ چوڭ قەلئەنىڭ جەنۇبىدا بىر قانچە قورغان ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىزناسى تۆت كىلومېتىر شەرقكە سوزۇلغان. چوڭ قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدە ئۈچ كىچىك قورغان ئىزناسى ۋە نۇرغۇنلىغان ئۆيلەرنىڭ غۇۋا ئىزناسى بار. چوڭ قەلئەنىڭ شىمالىدا بىر بۇددا مۇنارى ۋە بىر قەبرە رايونى بولۇپ، قەبرە رايونىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىز سەھنە ۋە شەرقىدىكى تۆۋەنلىكتە بىر كۇئادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئاتلىق قوشۇننىڭ مەشىق مەيدانى باردەك قىلىدۇ. مەركەز گەۋدە قۇرۇلۇشى تەخمىنەن ئۈچ كۇئادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئىگىلىگەن.

ئىككىنچى، مەركەز سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلار. «ئارادۆڭ خارابىسى» دىكى ئىككى قەلئە ۋە بىر ئۆتەڭ ئىزناسى، بىر قەبرە رايونى. «ھېسار ئاتام خارابىسى»دىكى بىر قەلئە ۋە بىر ئۆتەڭ ئىزناسى، بىر قەبرە رايونى. «تىم قورغان خارابىسى»دىكى بىر قوغدىنىش چوڭ قەلئەسى ۋە قەلئە ئىچى قەبرە رايونى، بىر «تۇر». «خان سۇيا خارابىسى»دىكى بىر خان ئارامگاھ قەلئەسى، بىر ئۆتەڭ ئىزناسى. «كونا مۇرتۇم خارابىسى»دىكى بىر «تۇر» ۋە بىر كىچىك قەلئە. ئاققاشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر «تۇر» ۋە بىر كىچىك قەلئە. «مۇرتۇم خارابىسى»دىكى بىر بۇددا مۇنارى، بىر «تۇر» ۋە تارقاق قەبرە رايونى قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، سۇ قۇرۇلۇشى. «ئاققاش ئۆستىڭى» بىلەن «قاراقاش ئۆستىڭى» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇغۇرۇش سىستېمىسى «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى» شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ دائىرىسىنى پەرق ئېتىشتىكى ئاساسى

تارىخى ئىزنادۇر. بەشكىرەمدىن باشلىنىپ لەڭگەر كەنتىگىچە سوزۇلغان «ئاقچاش ئۆستىڭى»نىڭ شىمالى قىرغىقىنى «چاقماق دەريا» كەلكۈنىنىڭ مۇداپىيە چوڭ توسمىسى قىلغان ئاساستا، جەنۇپ تەرەپكە بۆلۈنگەن تارام-تارام ئېرىقلار ياسالغان. «قاراقاش ئۆستىڭى» قۇمسېغىردىن باشلىنىپ «قەدىمكى سۇلى دۆلتى خارابىسى»نىڭ كۆرسەتمە تاختىسىغا كەلگەندە ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن؛ بىرى ئۇدۇل «قەدىمقى مۇرتۇم خارابىسى» نىڭ تۆت كىلومېتىر جۇنۇبىدىكى خارابىگە تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئۆستەڭنىڭ جەنۇبى قىرغىقى «چاقماق دەريا» كەلكۈنىنىڭ مۇداپىيە كىچىك توسمىسى بولغاندىن سىرت يەنە غەربى جەنۇپتىن شەرقى شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان ئالتە كىچىك ئېرىققا بۆلۈنگەن. يەنە بىرى «ئارادۆك خارابىسى»نىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىگىچە ئېقىپ بېرىپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنگەن؛ بىرى ئۇدۇل «تەم قورغان خارابىسى»غا ۋە «خان سۇپا خارابىسى»غا ئېقىپ بېرىپ «كونا مورتۇم»نىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئاخىرلاشقان. يەنە بىرى «ئارادۆك خارابىسى»نى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل «ھېسار ئاتام خارابىسى»غا ئېقىپ بېرىپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنگەن؛ بىرى «ھېسار ئاتام خارابىسى»دىن شەرقى شىمال تەرەپكە قاراپ ئاققان؛ يەنە بىرى «ھېسار ئاتام خارابىسى»دىن ئۇدۇل «كونا مۇرتۇم» غىچە ئېقىپ بارغان. «قەدىمكى سۇلى دۆلتى خارابىسى» ئۈچ ئېغىز (چاقماق دەرياسى، ئاتۇش بوغۇز دەرياسى، باچاك ئېغىزى)نىڭ كەلكۈن سۈيىدىن مۇداپىيە كۆرۈش ئاساسىدىمۇ لاھىيەلەنگەن. «ئاقچاش ئۆستىڭى» بىلەن «قاراقاش ئۆستىڭى»نىڭ ئارلىقىدىكى كەڭ قانال چاقماق دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىنى غەرپتىن شەرققە راۋان يوللىغان. ئاتۇش بوغۇز دەرياسىنىڭ كەلكۈنىدىن مۇداپىيە كۆرۈش ئۈچۈن «قەدىمكى سۇلى دۆلتى خارابىسى» كۆرسەتمە تاختىسىدىن تاكى «تەم قورغان خارابىسى» غىچە غەربى جەنۇپتىن شەرقى شىمال تۈز سىزىق يۆنىلىشى بويىچە ئېگىز دامبا ياسالغان. باچاك ئېغىزىنىڭ كەلكۈنىدىن مۇداپىيە كۆرۈش ئۈچۈن «خان سۇپا خارابىسى»دىن تاكى «كونامۇرتۇم خارابىسى» نىڭ ئۇدۇلىغىچە غەربى شىمالدىن شەرقى جەنۇپ يۆنىلىشىگە قاراپ قىيپاش ھالدا دامبا سوقۇلغان.

تـۆتىنچى، يـول قۇرۇلىشـى. «قەدىمكـى سـۇلى دۆلىتـى»نىـڭ يـول قۇرۇلۇشى ئاساسەن، ئۆستەڭ بىلەن باراۋەر كۆتۈرمە ھالەتتە بولۇپ؛ ئىچكى قىسمىدىكى يول، تاشقى تۇتاشـتۇرغۇچى سـودا يـولى (يـىپەك يـولى) دەپ ئىككىـگە ئايرىـشـقا بولىـدۇ. ئىچكـى قىـسمىدىكى يولىـۇ؛ چـوڭ يـول ۋە تۇتاشتۇرغۇچى كىچىك يول دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چوڭ يول؛ «قەدىمقى سۇلى دۆلىتـى خارابىسـى» (ھـازىرچە "مەرگەز" دەپ ئاتـاپ تـۇرايلى) دىـن قۇمسـېغىر ۋە مۇرتـۇمغىچە؛"مەرگەز" دىـن ئاقىاشـىنىڭ غەربـى شـىمالىدىكى «تۇر» غىچە؛ "مەرگەز"دىن ئاقىاشنىڭ شىمالىدىكى ئۆتەڭگىچە؛ "مەرگەز" دىـن «كونـا مۇرتـۇم»نىـڭ تـۆت كىلـومېتىر جەنۇبىـدىكى خـارابىلىقىچە؛ "مەرگەز"دىن «كونا مۇرتـۇم» غىـچە؛ "مەرگەز"دىـن «خـان سـۇپا»غىـچە.

تۇتاشتۇرغۇچى كىچىك يوللار؛ «خان سۇپا»دىـن «كونـا مۇرتـۇم» غىـچە؛ «خان سۇپا»دىن «ھېسار ئاتام» غىچە؛ «خان سۇپا»دىن «تىم قورغان» غىـچە؛ «كونــا مۇرتــۇم»دىــن «كونــا مۇرتــۇم» نىــڭ جەنۇبىــدىكى خارابىلىقىچە؛ «كونا مۇرتۇم»دىن «ھېسار ئاتام» غىچە؛ «ھېسار ئاتـام» دىــن «ئــارادۆڭ»گىــچە؛ «ھېســار ئاتــام»دىــن «ھېســار ئاتــام»نىــڭ جەنۇبىدىكى چوڭ يولغىچە؛ «ئارادۆڭ»دىن «ئارادۆڭ» نىڭ جەنۇبىـدىكى چـوڭ يـولغىچە؛ ئاقىاشـىنىڭ غەربـى شـىمالىدىكى «تـۇر»دىـن ئاقىاشـىنىڭ شىمالىدىكى ئۆتەڭگىچە؛ ئاقىاشنىڭ شىمالىدىكى ئۆتەڭدىن «كونا مۇرتۇم» نىڭ جەنۇبىدىكى خارابىلىقىچە. تاشقى تۇتاشتۇرغۇچى سودا يولى (يـىپەك يـولى)؛ «قەدىمكـى سـۇلى دۆلىتـى»دىـن كاتتايلاققا تەۋە «دۆلـدۈرۈقۇم قاراۋۇلخانا خارابىسى»غىچە؛ «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى»دىن كاتتـايلاقتىكى «تۇرخېنىم»غىچە. «قەدىمكى سۇلى دۆلىتـى»دىـن كاتتـايلاقتىكى سـۇغۇن ئـاغزىغىچە؛ «قەدىمكـى سـۇلى دۆلىتـى»دىـن كىچىكـزگىچە؛ «قەدىمكـى سـۇلى دۆلىتــى»دىــن بەشــكىرەمگىچە؛ «قەدىمكــى سـۇلى دۆلىتــى»دىــن ئاقىاشقىچە؛

«قەدىمكى سۇلى دۆلىتـى خارابىسـى»نىـڭ ئومۇمى قۇرۇلۇشـىدىكى مەرگەز گەۋدە قۇرۇلىشى، مەرگەز سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلار، سۇ قۇرۇلىشـى ۋە يول قۇرۇلىشىدىكى بۇ خىل تورسىمان مۇرەككەپلىك كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيـران قالدۇرىـدۇ. يەر تەكشـىلىكىدىن بىـر مېتىـردىن بەش مېتىـرغىچە كۆتۈرىلگەن ئۆستەڭ ۋە ئۆستەڭگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان تەخمىنەن 120

كىلومېتىردىن ئارتۇق يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك ۋە ئەمگەك كۈچى لازىم بولىدىغانلىقىنى ھېساپلىماي تۇرۇپ، ئاددىيسى مەرگەز گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ يەرتەكشىلىكىدىن كۆتۈرۈلگەن قىسمىنى پەرپا قىلىشنىلا مۆلچەرلەپ باقساق؛ بىر نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ نەچچە ئون يىل ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر، ئەمگەك كۈچى سانىنى 50 مىڭ دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ قىسىم قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزىلا بىرەر يىلدا تاماملىنىشى مۇمكىن. يەنە باشقا قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك كۈچى كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تولىمۇ قىيىن.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قانداق زۆرۈرىيەت ئاستىدا باشلىنىپ، قاچان ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلىشتە، «سۇلى» نامىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە قايسى تىلغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش بىردىن بىر بۆسۈش ئېغىزى بولسا كېرەك.

«سۇلى» نامى خەن سۇلالىسى زامانىدىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە (مىلادىيە 811- يىلى «سۇلى» ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنگە قەدەر) ھەرخىل خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە خاتىرىگە ئېلىنغان. شۇنداقلا غەربى خەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەخسىدىدىكى بەن چاۋ قاتارلىق سانغۇنلارنىڭ غەربى يۇرتتىكى يۈرۈشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «سۇلى» بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

«سۇلى» نامى تاكى ھازىرغىچە «سۇلى- سۇلۇق»، «سۇلى- سېرىق» بىلەن ئىزاھلىنىپ كەلمەكتە. ئەگەر بىز قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامىنى «سۇلى»نىڭ بىمەنە يەشمىسى «سۇلۇق» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تارىختىكى ھەقىقى ئورنىنى قەشقەرنىڭ شەرقى شىمالىدىكى ھازىرقى ئاققاشنىڭ شىمالىغا، قۇمىسغىرنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلا بولساق. «سۇلى»نىڭ ئېنىقلىمىسى خاتا ئىزاھلانغان بولىدۇ. يۇقۇردا «سۇلى»نىڭ تۆت چوڭ قۇرۇلۇشى ئىچىدە ئۆستەڭ ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تورسىمان مۇرەككەپلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ «سۇلى»غا سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرسە، «سۇلى»غا تۇتاش يېزا كاتتىيالاقنىڭ تارىخى رىۋايىتىدىكى «تۇرخىنىم» (تۇرخۇجام)نىڭ كاتتىيالاققا سۇ يەتكۈزۈش پائالىيىتى،

«سۇلى»نىڭ «سۇلۇق» ئېنىقلىمىسىنى تېخىمۇ رەت قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا «سۇلى»نى «سۇلۇق، سازلىق زىمىن» قىلىپ كۆرستىشكە مەزكۇر جايدىن بىرەر چوڭ كۆل ۋە بىرەر سازلىقنىڭ ئىزناسى ھازىرغىچە بايقالغىنى يوق.

«سۇلى» نامى تارىختا ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىل-كېسىل ھەل قىلىش، «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «بارخان-تۆۋەنكى چىننىڭ نامى. قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورغان...» (1-قىسىم، 567-بەت) دېگەن بايانى، ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىننىڭ «چىن ۋە ماچىن» ھەققىدىكى قارىشىنى ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۇيغۇرلارغا بەش شەھەر قۇرۇپ بېرىشى قاتارلىق ئۈچ مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشىمىزگە باغلىق.

«باچاك قاراۋۇلخانا خارابىسى» ھەققىدىكى بايانىمىزدا «تۆۋەنكى چىن» نىڭ ئوردىسى «بارخان»نى «دۇلدۇرۇقۇم» تاغ ئۈستى قورغىنىغا مۇقۇملاشتۇرۇپ، «تۆۋەنكى چىن»نىڭ نامىنى بەزى ۋاقىتلاردا «بارخان»، كۆپىنچە ھاللاردا «ماچىن» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، «ماچىن»نىڭ تىل يىلتىزى «مۇرچىن» بولۇپ، «مۇر»غا «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «قارا» ئىزاھاتى بىلەن، «ماچىن»نىڭ كونكرېت مەنىسى «قاراچىن» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدۇق. «چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى، يۇقۇرى چىن... بۇ تاۋغاچ دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن... ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، "بارخان" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ("بارخان") قەشقەردە...» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1-قىسىم، 592-بەت). «تۆۋەن چىن» ئوردىسى "بارخان" («قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورغان») ھازىرقى باچاك دىكى «دۇلدۇرۇقۇم تاغ ئۈستى قورغىنى»دا بولغان ئىكەن، "بارخان"نىڭ مەركىزى شەھىرى ھازىرقى «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى» بولۇشىدا گەپ يوق. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «تۆۋەن چىن»نى «ماچىن»نامىدا دەلىللىشى، ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ماھىيەتتە، «تۆۋەن چىن» پادىشاسى ئەفراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا) نىڭ "بارخان"نىڭ مەركىزى شەھىرى بولغان «سۇلى»دىكى ھەربى ھازىرلىقلار ئارقىلىق باشلىغانلىقىنى ۋاستىلىق ھالدا

ئۇچۇرلاندۇرغانلىق. «تۆۋەنكى چىن»نىڭ «ماچىن» (مۇرچىن- قاراچىن) دەپ ئاتىلىشىدا، ئۈچ چىن (يۇقۇرى چىن، ئوتتۇراچىن ۋە تۆۋەن چىن) نىڭ جايلىششىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى بويىچە، «تۆۋەنكى چىن»نىڭ ئەڭ غەرپ (كۈن پېتىش تەرەپ) كە جايلاشقانلىقى ئاساسى سەۋەپتۇر. تۈركى مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە غەرپ بىلەن شىمالنى قارا، جەنۇپ بىلەن شەرقنى ئاق ياكى قىزىل نامى بىلەن ئاتاش كەڭ ئومۇملاشقان. شۇ ۋەجىدىن «يۇقۇرى چىن» ۋە «ئوتتۇرا چىن»نىڭ غەربىگە جايلاشقان «تۆۋەنكى چىن»نى «ماچىن» (مۇر چىن- قارا چىن) دەپ ئاتىماق بەرھەق. قاراخانىلار خاندانلىقى پادىشالىرىنىڭ ئۆزىنى ئەفراسىياپ ئەۋلادى دەپ قارىشى، دەل ئەشۇ «قارا»(مۇر) نامىدىن كەلگەن. «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى»دىكى چاقماق دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈننى شەرقكە يوللايدىغان قانالنىڭ ئوڭ (جەنۇپ) ۋە سول (شىمال) تەرىپىدىكى ئىككى چوڭ قاش نامى، شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپنى «ئاق» ، غەرپ ۋە شىمال تەرەپنى «قارا» دەپ ئاتاش ئەنئەنىمىز بويىچە، ئوڭ (جەنۇپ) تەرەپتىكى «قاش»نى «ئاققاش» ، سول (شىمال) تەرەپتىكى «قاش»نى «سولمۇر قاش» دەپ ئاتىغانلىقى ئېنىق. ھازىر قەشقەرنىڭ شىمالىدا «ئاققاش» دىگەن بىر يۇرت نامى بار. «سولمۇرقاش» نامىنىڭ دائىملىق تەكرارى «سولمۇر»دا موقۇملاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى «سول»- سول تەرەپ («سول- سول. سول ئەلىك- سول قول.») («تۈركى تىللار دىۋانى» ، 3- قىسىم، 184- بەت)نى، «مۇر»- قارا رەڭنى ئىپادىلەيدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «مۇرۇچ- قارامۇچ» (1- قىسىم، 447- بەت) دىگەنگە قارىغاندا، «مۇرۇچ»- «مۇر» ۋە «ئۈچ»تىن تۈزۈلۈپ؛ «مۇر»- قارا رەڭنى، «ئۈچ»- نەرسىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتكەن. بىز دارى- دەرمەك ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان «قارامۇچ» ئۆسۈملىكى پىشقاندا ئۇچى قارا رەڭگە ئۆزگىرىدىغان بولغاچقا «مۇرۇچ»(قارامۇچ) دەپ ئاتالغان. دىمەك، قەدىمكى «سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى «سولمۇر» بولۇپ، «سولمۇر» نامىنىڭ ئومۇملىششى، ئېلىمىزنىڭ چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرلىرى (ئەفراسىياپ «تۆۋەن چىن»نىڭ پادىشاسى بولغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 500- يىللار)غا توغرا كېلىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرقىي ئىستىلاسىغا ئاتلىنىپ ئۇيغۇرلارغا بەش شەھەر سېلىپ بەرگەن ۋاقىتتا «سولمۇر» نامى «سۇلمى» نامىغا ئۆزگىرىپ، تاكى باكترىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇپ ئاخىرلاشقانغا قەدەر يەنىلا «سۇلمى» نامى بىلەن ئاتالغان. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: «ئۇيغۇر-بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن... بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان. قوچۇ، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق.» (1-قىسىم، 151-، 152- ۋە 153-بەتلەر) قاتارلىق بەش سەھەرنى سانىغاندا، «سۇلمى» شەھرىنى قالغان تۆت شەھەرنىڭ ئالدىدا قويۇپ، مەزكۇر شەھەرنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۆزى سالدۇرغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۇيغۇر زېمىنىغا كىرىشتىكى تۈنجى ئۆتكىلى «تۆۋەن چىن» (ماچىن- قاراچىن) بولۇپ، ئۇ تۇنجى قەدەمنى ئېلىشىغىلا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ «پۈتۈم» تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ دە، «پۈتۈم»دىكى تۇنجى شەھەر «سۇلمى»نى ئۆزى رەھبەرلىك قىلىپ سالدۇرىدۇ. «دىۋان»دا بەش شەھەرنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ سانالغان «سۇلمى» شەھرىنى «تۆۋەن چىن»دىن ھالقىپ ئۆتۈپ «ئوتتۇرا چىن»غا ياكى «يۇقۇرى چىن»غا سېلىش ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ يۈرۈش لىنىيىسىگە زىت ھەم تارىخى مەنتىقىغىمۇ زىت. بۇ شەھەر چوقۇمكى، ئىستىلاچىلارنىڭ پامىر ۋە قاراقورۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ، «تۆۋەن چىن»گە باستۇرۇپ كىرگەندە، «ئوتتۇرا چىن» ۋە «يۇقۇرى چىن»غا ھوجۇم قىلىشتىكى تۇنجى ئىستراتېگىيىلىك ئارقا سەپ ئىستىكامى ھېساۋىدا سېلىنغان. بىز يۇقۇرىدا، «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى»نىڭ ئومۇمى دائىرىسى ۋە ئاساسى گەۋدە قۇرۇلۇشىنى تەپسىلى كۆزىتىپ، «سۇلى» شەھرىدەك زور قۇرۇلۇش ۋە كاتتا شەھەرنى پەرپا قىلىشقا ھېچ ئەقلىمىز يەتمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنى، سانسىزلىغان قوشۇنغا ئېگە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ سالدۇرغانلىقىنى قىياس قىلىۋاتىمىز. ئۇنداقتا، ئۇشبۇ ۋاقىتتا «تۆۋەن چىن»نىڭ پادىشاسى زادى كىم بولغىدى؟ بۇ سوئالغىمۇ «دىۋان»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد بوۋىمىز جاۋاپ قالدۇرغان:

«سۇ كەلدى يەر ياپا
قارار قار (كۆكنى با)سا
قاچتى ئاگار ئالب ئايا
ئۇفۇت بولۇپ ئول ياشار»

(«يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ- توزان ئۈپۈقنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالپ ئايا دېگەن كىشى قاچتى، ئۇ يېڭىلگەچكە ئۈيۈلۈپ ياشىدى.») (3- قىسىم، 288- بەت). شېىردىكى دەسلەپكى ئىككى مىسرا، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ پامىر- قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىغاندىكى دەھشەتلىك كۆرۈنىش تەسۋىرى. كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى تەسۋىرلەنگەن شەخس «تۆۋەن چىن»نىڭ پادىشاسى «ئالپ ئايا» بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ)تىن 171 يىل كېيىن ياشىغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 329- يىللاردىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۇنجى قېتىم زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ 4- ، 5-ئەۋلادى بولىشى مۇمكىن. «ئالپ ئايا» چوقۇمكى «ئالپ ئەرتۇڭا»دىكى «ئالپ»نى تەخەللۇس قىلغان.

«تۆۋەن چىن»دىكى ئەجداتلىرىمىز «سۇلى» تەۋەلىكىدىكى چاقماق دەريا كەلكۈنىنى يوللايدىغان ئىككى قاشنىڭ بىرىنى «ئاققاش»، يەنە بىرىنى «سولمۇر»، ھەر ئىككى قاشنىڭ ئورتاق نامىنى «گەزقاش»دەپ ئاتاپ، بۇ قاشنى لەھىيەلىگەن «ھاسا ئاتام» توپنومىيىسىنى قەدىرلەپ، «ھاسا»نى ئۈزۈن- قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان «گەز»گە تەققاسلاشقان ئىدى. ۋاھالەنكى، ئەفراسىياپنىڭ ئىران بىلەن بولغان كۆرەشلىرىدە «گەزقاش»نىڭ شىمالىدا ھەربى ھازىرلىقلار نوقتىسى كۆپەيگەچكە، سول تەرەپتىكى قاشنىڭ نامى «سولمۇر» تارىخى ئاتالغۇ دەرىجىسىگە كۆتۈرىلىپ قالغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرق ئىستىلاسى مەزگىلىدە بۇ رايوندىكى قۇرۇلۇشلار ھەسسىلەپ كۆپيىپ «پۇتۇم»دىكى بەش شەھەرنىڭ بىرى «سۇلمى»غا ئۆزگەرگەن. ئەفراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا)نىڭ 4- ، 5- ئەۋلادى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان «ئالپ ئايا»نىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن قورقۇپ قېچىشىغا قاتتىق نارازى بولغان خەلق، مەزكۇر شەھەرنىڭ نامىنى «سۇلى» دەپ ئاتىۋېلىپ، ئۆز پادىشاسىنىڭ

باشقىلارنىڭ قۇلىغا ئاڭلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇ ۋەجىدىن «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «سۇلى-قۇللارغا قويۇلىدىغان نام.» (3-قىسىم، 320-بەت) دېگەن نۇمۇسلۇق ئەسلەتمە ساقلىنىپ قالغان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ «تۆۋەن چىن»غا كەلگەن ئەلچىلىرى خەلق پەرۋەر بولغاچقا، خەلقنىڭ ئاتىشى بويىچە ۋە خەنزۇچە ترانسپكسىيە بويىچە ئەينەن ھالدا «سۇلى»دەپ ئەنگە ئالغان. مانا بۇ، بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك بىرلىكى تارىخى ئاساسىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ئەمەسمۇ!

## 2- «ئارادۆڭ خارابىسى»

«ئارادوڭ خارابىسى»نىڭ ئورنى «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى كۆرسەتمە تاختىسى» بىلەن «ھېسار ئاتام قەلئەسى خارابىسى»نىڭ ئارىسىدا بولۇپ، «قەدىمكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى كۆرسەتمە تاختىسى» نىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقى شىمالىدا، «ھېسار ئاتام قەلئەسى خارابىسى» نىڭ تۆت كىلومېتىر غەربىدە. «ئارادۆڭ خارابىسى»دا ئىككى دائىملىق تۇرالغۇ قەلئە، بىر ئۆتەڭ ئىزناسى ۋە بىر قەبرە رايونى بار. قەبرە رايونىنىڭ كۆلىمى خېلىلا كەڭ بولۇپ غەرپتىن شەرققە ئۇزۇنلىقى 200 مېتىر، شىمالدىن جەنۇپقا ئارىلىقى 20 مېتىر. بىر قىسىم ئاسارە-ئەتىقە ئوغرىلىرىنىڭ بەزى جەسەتلەرنى كولاپ چىقارغاندا قالدۇرۇپ قويغان ھەمدەپنە كوزا پارچىلىرى ئەتراپتا چېچىلىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، قەبرىلەر بۇددىزىم مەزگىلىدە، بۇددىزىم ئەنئەنىسى بويىچە قويۇلغاندەك قىلىدۇ. «ئارادوڭ خارابىسى»نىڭ شەرقى جەنۇپ بۇرجىكىدە بىر ئىگىزلىك بولۇپ، بۇ جاينى كولىغۇچىلارمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇششاق گەژ پارچىلىرىنى چىقىرىپ قويغان بولۇپ، بۇ بۇددا مۇنارى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خارابىلىقتا تۇتاش جەنۇب تەرەپتىكى يولنىڭ 100 مېتىر دائىرىسىدە غوۋا ئولتۇراق ئىزنالار بولۇپ، بۇ جايدىن سۇنۇق يارماقلار تېپىلدى.

## 3- ھېسار ئاتام قەلئەسى خارابىسى

«ھىسار قەلئەسى خارابىسى ئازاق يېزىسى قۇمسسېغىر كەنتىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 15 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، خەن دەۋرىگە ئائىت خارابىدۇر. ھىسار قەلئە خارابىسى، قەدىمى چوڭ يولنىڭ بويىدا بولۇپ، قاغان تىم ۋە خان سۇپا شەھرىگە بارىدىغان ئاچا يول ئېغىزىغا جايلاشقان، خان سۇپا بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتر. بۇ خارابىنىڭ تۆت تەرىپى قورۇق تامغا ئېلىنغان بولۇپ، كۆلىمى كىچىكرەك بولغان قەلئە ھېسابلىنىدۇ. قەلئەنىڭ مەركىزىدە بىر تۆپىلىك بولۇپ، تۆپىلىكنىڭ ئۇستىدە بىر كۆزىتىش مۇنارىنىڭ خارابىسى بار. بۇ قەلئەنىڭ ئىسمىدىنلا ئۇنىڭ بىر لەشكىرى ئىشلار قەلئەسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىنمۇ نەقىش چىقىرىلغان نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى ۋە ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ يەر ئوبلاست دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىسىدۇر.»

بۇ خارابىلىقنىڭ كۆرسەتمە تاختىسى «ھىسار ئاتام خارابىسى» دەپ يېزىلغان. ئەمما، ئابدۇشۇكۇرمۇھەممەتئىمىن «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ئىزدىنىشىدە «ھىسار ئاتام خارابىسى»نى «ھاسا ئاتام» دەپ ئالغان. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ ئېلىشىدا ئىككى سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن، بىرى، ئۇ «ھىسار ئاتام»نىڭ شەكلەن مەنىسىنى «قەلئە ئاتام» دەپ قاراپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنتىقسىزلىقىنى ھېس قىلغان. يەنە بىرى، ئۇ كاتتايايلاق توپونومىيىسىدىكى «تۇرخىنم» (تۇرخۇجام) رىۋايىتىدىكى «ھاسا»نى بۇ مەنتىقسىزلىقنى تۈگىشىشىنىڭ بىردىن-بىر ئۇچۇرى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىز، مەزكۇر ئالىمنىڭ قارىشىنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، ئەسلىدىكى «ھىسار ئاتام خارابىسى»نىڭ ئورنىغا «ھاسا ئاتام»نى ئالدۇق. ھەم بۇ ئاتالغۇ ئارقىلىق «كاتتايايلاق نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدە» دېگەن ئىزدىنىشىمىزدە نۇرغۇن ئىلمى يەكۈنلەرگە ئېرىشتۇق. بۇ جاينى يۇقارقى چۈشەندۈرۈشتەك «كۆلىمى كىچىكرەك بولغان قەلئە» دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ شەرقى جەنۇبىدا 300 مېتىرغا يېقىن غۇۋا ئىزنا بولۇپ، مەن (ئاپتور) بۇ جايدىن بىر چاڭگال سۇنۇق يارماقلارنى ئۇچراتتىم. بۇ جاينىڭ شەرقى شىمالىدا بىر كىچىك كۆلەمدىكى قەبرە رايونى بولۇپ، بىز بۇ جايدىنمۇ قارا ساپال پارچىللىرىنى ئۇچراتتۇق. 54-رەسىمدىكى كوزا پارچىلىرى مەزكۇر قەلئە ئۇستىدىن تېپىلغان. بىز بۇ

جايدىكى كىچىك كۆلەمدىكى قەبرە رايونىغا قاراپ، بۇ قەلئەنى «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان»غا ئۆتۈشتىكى سالاھىيەت تەكشۈرۈش ئورنىمىكىن دەپ قالدۇق.

54ـ رەسىم، كوزا پارچىلىرى




4ـ «خان سۇپا خارابىسى»

55ـ رەسىم، خانسۇپا



«خان سۇپا خارابىسى كاتتايلاق يېزىسىنىڭ 24 كىلومېتر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۇ كەڭرى كەتكەن تۈزلەڭگە سۇپا شەكلىدە ياساپ چىقىرىلغان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر، كەڭلىكى 62 مېتىر، ئېگىزلىكى 7 مېتىر، ئۈستىنىڭ يەر مەيدانى تەخمىنەن5500 كۋادرات مېتىر، كېلىدۇ، بۇمۇ خەن دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىسىدۇر. تارىخى يازمىلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنىڭ كاتتا يىغىلىشلارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان، قەبىلە ئاقساقاللىرىغا يىغىن ئاچىدىغان سورۇن ئىكەنلىكى مەلۇم. خارابىنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت ئابىدە تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەدىمى ئابىدىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن كولاپ ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ يەردىن بۇددا ھەيكىلى، مىس تەڭگە، بۇغا مۈڭگۈزى، ساپال ۋە ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرى تېپىلغان. 1944-يىلى، خوجاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەردىن بىر خان تاجى تېپىۋالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ خان تاجىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئېلىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىزدېرىكى بولمىغان. بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى چوڭقۇر، تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ قوغداش تەدبىرلىرى قوللىنىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. خان سۇپا ئوبلاست دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.»

«خان سۇپا خارابىسى»نىڭ ئىنسان ئىزناسى قاتلىمى ئۈچ مېتىردىن ئارتۇق (56-رەسىمدىكىدەك) بولۇپ، ھەممىلا جايدىن ئاددى بولسىمۇ مەدەنىي يادىكارلىق بويۇملىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىز بۇ جايدىن ئىككى تال بۆرە ھوشۇقى (59-رەسىم)، ئاددى تاش يارغۇنچاق (57-رەسىم)، پۇتۇنلەي چىرىپ كەتكەن مىتال پارچىلىرى (58-، 61-رەسىم)، قاپارتما نەقىشلىق ساپال پارچىلىرى (58-، 60-رەسىم)، تاش مۇنچاق ۋە ساپال مۇنچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇچراتتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە بۆرە ھوشۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېتىقادىنى ئەسلىتىدۇ. ئاددى تاش يارغۇنچاقنىڭ يۈزىدىكى سىزىقچىلار باچاگدىكى «دۆلدۆرۈقۇم تاغ ئۈستى قەلئەسى»دىن تېپىلغان يارغۇنچاقنىڭ سىزىقلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشاش. بۇ يارغۇنچاقنىڭ بىرى ئاتۇش باج ئىدارىسىدىكى مۇھەممەتجان سەيدىللادا، يەنە بىرى باش باچاگدىكى ياسىنجان ھاپىزدا.

يۇقۇرقى تېپىندىلار ئىچىدە تاش مۇنچاق، ساپال مۇنچاق، بۆرە ھوشۇقى ۋە بىرونزا بويۇملار پارچىلىرى، مەدەنىيەت بويۇملىرى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىغا ھۆكۈم قىلىشتەك، تارىخشۇناسلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئومۇمى قارىشى بويىچە، ھېچ بولمىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر، ئىنسان ئىزنالىرى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان، ئۈچ مېتىرلىق يەر قەتلىمىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل گۈزىتىدىغان بولساق، بىز تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىغان نەتىجىلەر قولغا كېلىشى مۇمكىن.

56-رەسىم، خانسۇپا يەر قاتلىمى




57ـ رەسىم، ئاددى تاش يارغۇنچاق




58ـ رەسىم، مىتال ۋە ساپال پارچىلىرى



59-رەسىم، يارغۇنچاق پارچىلىرى، بۆرە هوشۇقى ۋە يارماق



60-رەسىم، ساپال ئۇستىدىكى قاپارتما نەقىش




61ـ رەسىم، مىتال پارچىلىرى



## 6- «تىم قورغان خارابىسى»

«تىم قەلئەسى خارابىسى كاتتايلاق يېزىسى 26 كىلومېتر غەربى جەنۇبىدا بولۇپ، خان سۇيىنىڭ غەربى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 2 كىلومېتر، بۇ خارابە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدۇر. بۇ خارابىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە لەشكىرى بازا بولۇشى ئېهتىمالغا يېقىن. قەلئەنىڭ تۆت ئەتراپىدا قورۇق تام بار. قورۇق تام دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز مۇنارى ھېلىھەم شۇنداق ھەيۋەتلىك بولۇپ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 مېتر، لاي كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، لاي كېسەكلەرنىڭ ئۆلچىمى 5014×34×، قەلئەنىڭ ئومۇمى كۆلىمى (62-رەسىم) تەخمىنەن 15 مو كېلىدۇ. قەلئەدىن خېمىر يۇغۇرغان ياغاچ تەڭنە، ئاق يىپلىق يۇڭ رەخت پارچىسى، ھەر خىل ساپال پارچىلىرى ۋە قەدىمقى مىس تەڭگىلەر تېپىلغان. بۇ يەر ئوبلاست دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.»

بىز «تىم قورغان خارابىسى»دا 63-رەسىم دىكىدەك ھەممە يەرگە چېچىلىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى، قەدىمكى ھەيكەللەرنىڭ توپا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن قىزىل ھەم ئۇيۇل كاللەكلىشىپ قالغان قالدۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئۇچراتتۇق. بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى 64-رەسىمدىكى قوپال باش ھەيكەل (بۇ ھەيكەل توختى پاشادا)نى ئۇچراتقانلىقىمىز بولدى. بۇ ھەيكەل ناھايىتى ئاددى لاھىيەلەنگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ باش قىسمى، بولۇپمۇ كۆز، قاش، بۇرۇن ۋە ئېغىز قىسمى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ ھەيكەلمۇ «دۇلدۇرۇقۇم تاغ ئۈستى قەلەسى» («تۆۋەن چىن»نىڭ «بارخان» ئوردىسى)دىن تېپىلغان «11-رەسىم، كوزا تۇتقۇچىدىكى ئادەم (ئەر) بېشى قاپارتمىسى»دەك بالبال ۋە قورچاق تىپىدىكى يادىكارلىقتەك قىلىدۇ. ھەيكەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چەمبەر سىمان ئايلانما سىزىق ھالىتىدىكى قاپارتما نەرسە، ناھايىتى چوڭ ھەيكەلنىڭ باش قىسمىنىڭ بۇدۇر چاچ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نەرسە بولسا كېرەك. 65-رەسىمدىكى يارماق ۋە مارچان مۇشۇ رايۇندىن تېپىلغان.

مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدىن ئىش ھەققى ئېلىپ «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان»نىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل توختى پاشا ئىسىملىك كىشىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ جايدىن يەنە «ئەنقا باشلىق ئادەم ھەيكىلى» بايقالغان بولۇپ، بۇ ھەيكەل ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. «ئەنقا باشلىق ئادەم ھەيكىلى» بىلەن 35-رەسىمدىكى «ئارغۇ ئاچچىغىدىكى ئىككى قۇش سۈرىتى» ئاساسەن تارىختىكى ھونلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «تىم قورغان خارابىسى»دا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بىر ئېگىز مۇنار بولۇپ بۇ غەربىي جەنۇبىتىكى «سۇلى»غا ۋە شىمالدىكى «بارخان» (دۇلدۇرۇقۇم تاغ ئۈستى قەلئەسى)گە ئوت يېقىپ ياكى تۈتۈنلىتىپ بەلگە بېرىشتىكى «تۇر» بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، «خان سۇپا» بىلەن «تىم قورغان خارابىسى» ئاساسەن بىر گەۋدە ھالىتىدىكى خىلى چوڭ قەدىمكى قورۇلۇشلارنىڭ بىرى. بۇ ئىككى تارىخى ئىزنا «سۇلى»نىڭ شەرقى شىمال قورغىنى بولۇپ، «سۇلى» دىن «سۇغۇن ئاغزى» ۋە «بارخان»غا ئۆتۈشتىكى ئەڭ موھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ھەم بۇ جايدىن تېپىلغان خانتاجىغا قارىغاندىمۇ «خان سۇپا خارابىسى»دا ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، «ئالىپ ئايا» ۋە غەربىي خەن سولالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى بەن چاۋ قاتارلىق پادىشا ۋە سانغۇنلار تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

62-رەسىم، تىم قورغان خارابىسى



63ـ رەسىم، چېچىلىپ ياتقان ساپاللار



64ـ رەسىم، قوپال باش ھەيكەل




65ـ رەسىم، يارماق ۋە مارجان




7ـ «كونا مۇرتۇم خارابىسى»

«مورتىم خارابىسى كاتتايلاق چۆشۈرگە كەنتىدىن 12 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، پىرامىدا شەكىللىك بىر مۇنار ھېسابلىنىدۇ، ئاستىنىڭ دىئامېتر 21 مېتر، ئېگىزلىكى 7 مېتر، بولۇپ لاي كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، لاي كېسەكلەرنىڭ ئۆلچىمى 36×34× 9 سانتىمېتر، بۇ خەن دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ، بۇددا دىنى قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ ئۇنى غەربى دىياردىكى ئەل ئىھرام دېيىشكە بولىدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ ئوبلاست دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ

يۇقۇرقى چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا «كونا مۇرتۇم خارابىسى» بىلەن ھازىرقى قۇمسېغىرنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى «مۇرتۇم خارابىسى»نىڭ زۆرۈر تارىخى مۇناسىۋىتى باردەك قىلىدۇ. بىزنىڭچە، قەدىمكى «سۇلى» بارغانسىرى يوقۇلۇش گىرداۋىغا يۈز تۇتقان ئەھۋالدا، ئەشۇ «كونا مۇرتۇم»نى ئەۋلاتلارنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ۋە مەڭگۇ يادلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن قۇمسېغىرنىڭ غەربى جەنۇبىغا يۆتكەلگەن.

# سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكېرىم بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغان جاي تېپىلدى

«ئاقمەت خارابىسى» ئاتۇش شەھرىنىڭ 50 كىلومېتىر شەرقى شىمالىدىكى سۇغۇن جىلغىسىدا بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇقەددەس جاي. ئاتۇش مەشھەدتىكى سۇلتان ساتۇق مازىرى ۋە سۇلتان ساتۇق تۇنجى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان جايپاچچىم بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى سېھىرلىك ئورۇن. ھاجى نۇرھاجىنىڭ «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا: «سۇلتان ئارىسلان بۇغرا قاراخان مىلادىنىڭ 955-يىلى سۇغۇندا ۋاپات بولدى. ساتۇق ئارىسلان بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن 37 مىڭ مۇسۇلمان يىغىلىپ كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ساتۇق ئارىسلان بۇغرا قاراخاننى ئاتۇشتىكى ھەشھەتتە دەپنە قىلدى...» (72-بەت)؛ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «سىغۇن-سۇغۇن. سىغۇن سامۇر-سۇغۇن سامۇر. بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن يەرنىڭ نامى» (1-قىسىم، 533-بەت) دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. شۇڭمۇ كىشىلەر مەشھەدنى «ھەسسۇلتۇنۇم مازىرى» (ئېزىز سۇلتانىم مازىرى) دەپ ئاتىشىدۇ. شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار ھەتتا ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن كىشىلەر قەشقەرگە كەلسىلا ئاتۇش مەشھەدتىكى «ھەسسۇلتۇنۇم مازىرى» (ئېزىز سۇلتانىم مازىرى) غا كېلىپ ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇتمايدۇ. ئەمما ئۇلار شۇنداق بىر نازۇك مەسىلىنى ئۇنتۇتقانكى، ئىسلام دىنىي قائىدىسى ۋە ئەقىدىسىدە روھ تەندىن ئايرىلغان جاينى ئەڭ مۇبارەك ۋە ئەڭ ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك جاي دەپ قارايدۇ. ئۇلار سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخان ئۇلۇغ روھىنىڭ ئەزىز تېنىدىن ئايرىلغان جاينىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپمۇ قويمىغان. ئېنىق ئېيتسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ مۇقەددەس جاي «ئاقمەت خارابىسى»دۇر. ئۇ ھازىرقى ئۇون نەچچە ئائىلە جايلاشقان

«ئاقمەت» مەھەللىسى ئەمەس. «ئاقمەت خارابىسى»نىڭ ھەقىقى ئورنى ھازىرقى «ئاقمەت» مەھەللىسىنىڭ تۆت كىلومېتىر شىمالى، «توغراسۇ ئۆتەڭ خارابىسى»نىڭ بىر كىلومېتىر غەربى جەنۇبىدىكى، شەرقى شىمالدىن غەربى جەنۇپقا سوزۇلغان جىلغىنىڭ سول تەرەپ تەسكەي قىسمىدا، كونكىرت ئورنى شىمالى كەڭلىك 39.59 گىرادۇس 29.64 مىنۇت، شەرقى ئۇزۇنلۇق 76.41 گىرادۇس 43.53 مىنۇتقا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1508 مېتىر ئېگىز. بۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكى؛ جىلغا يۈزىدىن سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتىكى 4500 كۋئادرات مېتىر ئەتراپىدىكى جەنۇبى تاغقا يۆلەنگەن تەسكەي سۇپا بولۇپ، سۇپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا توققۇز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق بار (49-رەسىمدىكى)، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا يەتتە دانە چوڭ ئاق تاش يېرىم چەمبەر يەنى يېكى چىققان ئاي شەكلى ھالىتىدە تىزىلىپ (48-رەسىمدىكىدەك) قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغقا تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ جاينىڭ قارشى قىرغىقىدا ھازىرمۇ بىر ئائىلە بار. قۇدۇقنىڭ 300 مېتىر غەربى جەنۇبىدا جىلغىنى توسقان ھالەتتىكى قورام تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر ئەتراپىدا ئۈچ دۆۋە بار (50-، 51- ۋە 52- رەسىمدىكى «قاراۋۇلخانا»).

مەزكۇر جاي نىمە ئۈچۈن بۇنچىلىك گەۋدىلىك ئالامەتلەندۈرۈلگەن؟ ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا تۇنجى قېتىم مۇشەررەپ قىلغان بۇ مۆتىۋەر زاتنىڭ ۋاپات بولغان جايىمۇ ۋە ياتقان جايىمۇ ئەلۋەتتە پەۋقۇلاددە ئالامەتلەندۈرۈلىشى كېرەك! ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا 37 مىڭ كىشى قاتناشقان ئىكەن، ئۇنى قاراخانىيلار دۆلىتى نامىدىن خاتىرىلەش ۋە ئەسلەشمۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ كاتتا مۇراسىملار ۋە كاتتا پائالىيەتلەر بىلەن داۋاملاشسا كېرەك. بولۇپمۇ ھەر يىللىق ئۆلۈق ئايەم ۋە ئۆلۈق ھېيت كۈنلىرىدە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشانىڭ ۋاپات بولغان جايىغا ۋە ياتقان جايىغا كاتتا ئابىدە تىكلەش شاھ ئەۋلاتلىرى، ئوردا ئەھلى ئۈچۈنمۇ، جۈملىدىن دۆلەتنىڭ شانۇ- شەۋكىتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى موھىم.

سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغا جاي «سۇغۇن»نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى باش سۇغۇندىن تارتىپ ئاياغ سۇغۇن، ئارپىلىق،

«تۇغرا سۇ ئۇتەك خارابىسى»، «قاراۋۇلخانا خارابىسى»، ئاقمەت، تۇغاي مەھەللىسى ۋە سۇغۇن ئاغزىغىچە بولغان 70 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جىلغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ 70 كىلومېتىرلىق ئۇزۇن جىلغىنىڭ نامى «سۇغۇن» دەپ ئاتالغانكەن، سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان بۇ جىلغىنىڭ مەلۇم ئورنىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ. سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان مىلادى 955-يىلى مەيلى ئاغرىق بىلەن، مەيلى زەھەرلىنىپ ۋاپات بولغان بولسۇن كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن سالقىن ۋە ھاۋالىق جاينى تېپىپ ئارام ئېلىشۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇ ئۇزۇن جىلغىنىڭ ھەممىلا يېرى سالقىن ھەم ھاۋالىق ئەمەس، پەقەت تەسكەي تەرەپ ۋە سۈيى ئەڭ مول ئورۇنلا بۇ شەرتكە ئۇيغۇن. بۇ ئۇزۇن جىلغىنىڭ سۈيى باش سۇغۇندىن باشلىنىپ تاكى تۇغراسۇغا كەلگىچە غەربىي شىمالدىن شەرقى جەنۇپ يۆنىلىشىگە ئېقىپ، پەقەت تۇغراسۇدىن غەربىي جەنۇپقا بۇرۇلۇپ ئاقغان چاقغىدىلا ئۇنىڭ سۈيى ناھايىتى مولىشىدۇ. جىلغىنىڭ قايسى جايىدا سۇ مول بولسا، ئۇنىڭ ساي يۈزىنى ئىگەللىشى شۇنچە كەڭ ۋە بۇ جاينىڭ تەسكەي تەرىپى شۇنچە سالقىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىيلار خانىدانلىقىدا ئىسلام دىنى ئەمدىلا تارقىلىپ، بۇددىزىم بىلەن ئىسلامىزىم تازا كۈچ سىنىشىۋاتقان، ئەجدادىدىن تارتىپ بۇددا ئېتىقادى ۋە بۇددا ئەقىدىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ بۇددىزىم روھىيىتىدىن ۋاز كېچەلمەيۋاتقان كىشىلەرنىڭ تاسادىپى قەس قىلىش ئېھتىمالىدىن قارىغاندا، سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان جىلغىنىڭ ئەڭ سالقىن ۋە ئەڭ بىخەتەر ئورنىنى تاللىشى كېرەك. بۇ جاي دەل «ئاقمەت خارابىسىدۇر».

«ئاقمەت» نامى ئىككى تۈپ سۆز «ئاق» ۋە «مەت»دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئاق»-مەلۇم نەرسىنىڭ رەڭ ئېنىقلىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. «مەت» نىڭ تىل يىلتىزى «مۇند» ياكى «مۇندا» بولۇپ، مەلۇم نەرسىنىڭ بولۇپمۇ مەلۇم دەرەخ كۆتىكى ياكى مەلۇم تاشنىڭ يەر تەكشىلىكىدىن ئازراق كۆتىرىلىپ قالغان قىسمىنى «مۇندا» ياكى «مۇند» دەپ ئاتايمىز. بىز ھازىرمۇ بىرەر ئادەم تاسادىپى يىقىلىپ كەتسە چاخچاق ئارىلاش: «مۇندىغا پۇتلاشتىڭمۇ» دەپ قويىمىز. ھەتتا بەزى خاتالاشقان ياكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ كاشىلىغا يولۇققان كىشىنىمۇ «مۇندىغا پۇتلاشتى، مۇندىغا ئولتاردى» دەپ قويىمىز. ئىككى تۈپ سۆز «ئاق» بىلەن «مۇند»

(«مۇندا») نى بىرلەشتۈرگەندە «ئاقمۇند»-يەر تەكشىلىكىدىن ئازراق كۆتىرىلىپ تۇرغان ئاق تاشنى ياكى ئاق بەلگە تاشنى كۆرسىتىدۇ. يەتتە چوڭ ئاق تاش بىلەن قۇدۇقنىڭ ئەتراپىغا يىرىم چەمبەر شەكلىدە ئۇنتۇلماس ئابىدە قويۇلغان مانا بۇ مۇقەددەس جاي «ئاقمەت» (ئاقمۇند تۇر. بۇ جايدىكى قۇدۇقمۇ كىيىنكىلەر تەرىپىدىن قېزىلغان بولۇپ «قۇدۇقتىن قانچە كۆپ ئادەم سۇ ئىچسە، قۇدۇق يىندا ۋاپات بولغان كىشىگە دۇئا قىلىدۇ، ساۋابى بولىدۇ..» دېگەن قاراش بىلەن كولانغان. ئۇنداقتا قۇدۇق ئەتراپىدىكى يەتتە چوڭ ئاق تاش شۇنچە ئېغىرلىقىغا قارىماي قەيەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن؟ نىمە ئۈچۈن بۇ جايدىن 300 مېتىر يىراقلىقتىكى جىلغىنى توسقان ھالدا ئۈچ «قاراۋۇلخانا» (ئۈچ دۆۋە) قويۇرۇلغان؟ بۇ ئورۇننىڭ يىنىدىكى تاغ قاتلىمىدا ئاق قورام تاشلار كۆپ بولۇپ، قۇدۇق  قېزىلغان چاغدا چىققان يەتتە چوڭ ئاق تاش قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىلىپ ئەتراپقا قويۇلغان. ئاتالمىش ئۈچ «قاراۋۇلخانا» نىڭ ھېچقانداق كۆزىتىش سۇپىسى يوق، چوققىسى ئۈچلۈق قىلىپ لاھىيەلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان پەشتاق ئىزنالىرىمۇ يوق. ئىنىقكى ئۇ «قاراۋۇلخانا» ئەمەس، ياكى ئوت قالاپ بەلگە بېرىدىغان «تۇر» مۇ ئەمەس. بەلكى بۇ تاشتىن قويۇرۇلغان ئۈچ مۇنار جىلغىدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغاپ؛ «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغان جايغا كەلدۇق» دەپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا-تالاۋەت قىلىشنى مەجبۇرىيەتكە ئايلاندۇرۇش، ھەم بۇ مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگۈچىلەرگە ئىزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىنىق بەلگە قالدۇرۇش، ھەتتا كىيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ ئەسلىشىگە قۇلايلىق ئابىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان بولۇش ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بۇ «ئۈچ تاش مۇنار»نىڭ غەربى شىمالىدىكى ئۈچىنچى تاش مۇنارنىڭ ئاستىدىن، ئۈستىگە قۇرئانچە يېزىلغان مىس لەگەن بايقالغانلىقىنى «ئاقمەت» مەھەللىسىدىكى رەھمىتۇللانىڭ ئوغلى ئۆچۈر بەرگىنىگە قارىغاندىمۇ، بۇ «ئۈچ تاش مۇنار»غا مۇناسىۋەتلىك يۇقۇرقى تەھلىلىمىز تارىخى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا «سىغۇن-سۈغۇن. سىغۇن سامۇر-سۈغۇن سامۇر. بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن يەرنىڭ نامى» (1-قىسىم، 533-بەت)

دېگەن جەۋھەرلىك بايان ئۇچرىغاندىن سىرت «سىغۇن سامۇر-سۇغۇن سامۇر»دىكى خاس «سامۇر» ئاتالغۇسى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «سا» بىلەن «مۇر»غا بۆلۈنىپ، «سا»غا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «سا-سەن مەنىسىدىكى بىر سۆز...» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 288-بەت)؛ «مۇر»- تەسكەي مەنىسىدە كەلگەن. «مۇر» ئەسلىدە قارا رەڭنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، تەسكەي تەرەپكە قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان بولغاچقا قارا رەڭنى «مۇر» ئاتالغۇسى بىلەن ئالغان. دېمەك «سا-سەن» بىلەن «مۇر-تەسكەي»نى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق «سامۇر»- ساڭا تەئەللۇق تەسكەي -دېگەن مەنا ئاشكارىلىنىدۇ. «سۇغۇن سامۇر»- سۇغۇندىكى ساڭا تەئەللۇق تەسكەي-دېگەن خاس ئۇقۇمنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ جاينىڭ بىر قۇدۇق ۋە يەتتە ئاق تاش بىلەن ئالامەتلەندۈرۈلىشى يۇقارقى سۆزىمىزگە دەلىل بېغىشلايدۇ.

سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغان «ئاقمەت خارابىسى»نىڭ تۆت كىلومېتىر شەرقىدىكى ئون ئائىلە جايلاشقان مەھەللىنىڭ «ئاقمەت» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى؛ ئۇ بولسىمۇ، «ئاقمەت خارابىسى» جايلاشقان جىلغا نىسبەتەن تارراق بولۇپ، ئۇنىڭ قارشى قىرغىقىدا پەقەت بىرلا ئائىلە ئولتۇراقلاشقان، كۆپ ئائىلە ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. مەن (ئاپتور)، ھازىرقى «ئاقمەت» مەھەللىسىدىكى «رەھمىتۇللا» دىگەن كىشىدىن: «سىز بۇ مەھەللە بۇيىچە ياشتا چوڭراق كىشى ئىكەنسىز، ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئەسلىمىسى بويىچە ئەسلىدىكى "ئاقمەت" نىڭ ئورنى قەيەردە بولغىدى؟» دەپ سورىسام؛ ئۇ كىشى: «"ئاقمەت"نىڭ ھەقىقى ئورنى مۇشۇ مەھەللىنىڭ بېشىدىكى بىر بۇلاقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بۇلاق ئەتراپىدا پادا باققان كىشىنىڭ ئىسمى"ئاقمەت" بولغاچقا "ئاقمەت بۇلاق" دەپ ئاتىلىپ قالغان» دىگەن چۈشەندۈرۈشنى بەردى. ئۇنىڭ «ئاقمەت» نى بۇلاق بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشىگە قارىغاندا، ئۇ ئۇتتۇرغا قويغان "بۇلاق" بىلەن مەن (ئاپتور) ئۇتتۇرغا قويۇۋاتقان يايىسمان يەتتە چوڭ ئاق تاش ئىچىگە كولانغان "قۇدۇق"نىڭ زۆرۈر مۇناسىۋىتى باردەك قىلاتتى... دېمىسىمۇ "بۇلاق" بىلەن "قۇدۇق"نىڭ پەرقى پەقەت بىرىنىڭ تەبىئىي شەكىللەنگەنلىكى، يەنە بىرىنىڭ قېزىلغانلىقى خالاس. ئەمما ئۇ

كۆرسـەتكەن «ئـاقمەت» بىـلەن مەن (ئـاپتۇر) يورۇتمـاقچى بولغـان «ئـاقمەت»نىـڭ ئـورنى تـوغرا چىقمايۋاتـاتتى. بـۇ بەلگـى هـازىرقى زامان كىشـىلىرىنىڭ تولىمـۇ ئىرەنسـىز هالـدا، 1056 يىـل ئىلگىرىكـى بىـر مۇقەددەس جاي نامىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇۋاتقانلىقى بولسا كېرەك...

48-رەسىم، چەمبەرسىمان ئاق تاش بەلگە



49-رەسىم، كەپتەر ئۇۋىسى



2013ـ6ـ10 10:02:42 PM چىقىرىشچۇشۇرۇش (KB 153.09)

50ـرەسىم، قاراۋۇل خارابىسى (1)



51ـرەسىم، قاراۋۇل خارابىسى (2)



52ـ رەسىم، قاراۋۇل خارابىسى (3)



# «كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدە

## مۇھەممەد قادىر

يۇرت نامى شۇ يۇرتقا تەۋە خەلقنىڭ ئىپتىخار نامى، ئۇ، قەلبلەردە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان، ئۇزاق تارىختىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىدىغان ۋە مەڭگۈ شۇنداق داۋاملىشىپ بارىدىغان، ئەجداتلاردىن ئەۋلاتلارغا قالىدىغان تىلتۇمار ئابىدە. بىراۋ: «سەن قايسى يۇرتتىن؟»دەپ سوراپ قالسا، جاۋاپ بەرگۈچى پۈشتى-زاتى نامىدىن غۇرۇر ئىلكىدە قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر ھالدا: «مەن x يۇرتتىن...»دەپ جاراڭلىق جاۋاپ بېرىدۇ... شۇ ۋەجىدىنمىكىن مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: «كىن يىپار-كىندىك ئىپار». «كەن-كۈن چىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا ‹كىن، كەن› سۆزى قوشۇلىدۇ. بۇ سۆز ‹كەند› سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلىدۇر» («دىۋان»، 1-قىسىم، 442-بەت) دېيىش بىلەن، جانلىقلار ۋە ئىنسانلار بەدىنىنىڭ دەل مەركىزى بولغان «كىندىك»نى «كىن» سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ، تۈركىي مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن يۇرتنى يەرشارىنىڭ مەركىزى دەرىجىسىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغانلىقىنى ئەسكە سالىدۇ. دەرھەقىقەت! فىزىئولوگىيىلىك قانۇنىيەت نوقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھاياتلىق ئاپىرىدىگاھىنىڭ تۇنجى ئۆچكى- بالاياتقۇدا پەيدا بولىۋاتقان ھامىلە پەقەت كىندىك نەيچىسى ئارقىلىقلا ئەجدادىنىڭ ئۇدۇم ۋە ئىرسىيەت نۇسخىسىنى سۈمۈرىدۇ. «كىندىك»تىكى «كىن»نىڭ «كەند»كە تەققاسلىنىشى، ئۆز يۇرتىغا تەلپۈنگۈچى، ئۆز دىيارىنىڭ بىر چىمدىم تويىسىنىمۇ تۇتىيا بىلىپ ئەزىزلىگۈچى ھەرقانداق كىشىگە ئالەمچە زوق بېغىشلايدۇ.

ئانا ماكانى «كاتتايلاق»تىن جاھان كەزدى بولۇپ چىقىپ كەتكەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، بولۇپمۇ شىمالى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز؛ «تاشمۇ چۈشكەن جايىدا ئەزىز ئىكەن... كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇتىيا زىمىننى كىممۇ ئۇنتۇپ قالالىسۇن ؟...» دېيىشىپ،

ئۆتكەن ئەجداتلىرنى ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسلىشىپ، بۇ قەدىمىي ماكانغا يۈزلىنىپ ئاياللار بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئەرلەر ئۆلۈم-يىتىم باناسى بىلەن، ياكى ھېچكىم كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان پىنھان جاينى تېپىپ يۈرەت سىغىنچىسىدا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ بۇقۇلداپ يىغلىۋالىدۇ... ئىشەنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ «كاتتايلاق»قا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق ملودىيىسىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ:

كاتتايلاق ئىسىل يايلاق،
ئەجەپمۇ يايلىيالمادىم.
يايلىساممۇ يايلادىم،
دەرتكە پايلىيالمادىم.

ئاتۇش تارىختىن بۇيان شاھلار ماكانى دەپ تەرپلەنگىنىگە ئوخشاش، ئاتۇش قوينىدىكى «كاتتايلاق»مۇ تارىختا «بارخان»، «富贵» (فۇگۇي)، «ھاسائاتام»، «ئاياققاش» (گەزتۇمشۇق)، «خان سۇپا» (خان يايلىقى)، «كەديايلاغ» (گەزيايلاق) قاتارلىق ناملار بىلەن شۆھرەتلەنگەن. بۇ تۇتيا زېمىندا تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن قىز-ئوغلانلار ھىلى ھەم تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا مەزكۇر يۇرتنىڭ مۇبارەك نامىنى «كاتتايلاق»دەپ تەكرار تىلغا ئېلىپ، چەكسىز ئىپتىخارغا چۆمىلىدۇ.

«كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزىنى قىزىپ چىقىش، تىلشۇناسلىق مەسىلىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئالدى بىلەن ئۇ، مىللەت مەدەنىيىتى ئىچىدىكى تىل مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ تىل جەھەتتە قايسى مىللەت تىلىغا تەۋە بولىشى، شۇ خىل ئاتالغۇ ئاستىدىكى زېمىن پاسىلىنىڭ ھەقدالىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«"كاتتايلاق" نىڭ ئەسلى ئىسمى "كاتتا يايلاق" بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا «كەڭرى يايلاق' دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇرۇن بۇ جاي يۇلغۇنلۇق بولۇپ ئوت-چۆپكە باياشات بولغاچقا مۇشۇ ئىسىم قويۇلغان بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن "كاتتايلاق"قا ئۆزگىرىپ كەتكەن.» («ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى 1985-يىلى نەشرى، 99-بەت). «"كاتتايلاق" ئەسلى "كاتتايايلاق" بولۇپ، چوڭ يايلاق دىگەن مەنىدە.» (نىياز كېرىمنىڭ «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» 340-

بەت). ئىككى مەنبەدىكى «كاتتايلاق» نامىغا بولغان ئىزاھاتنىڭ بۇنداق ئۆخشاشلىقى سەۋەپسىز ئەمەس. «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ۋە شەھەرلەرنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى كىتاپنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتىدىن بۇنى ئىلغا قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. بۇ ئىككى كىتاپتىكى «كاتتايلاق» نامى ھەققىدىكى ئىزاھات، شۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان يۇرت نامى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئەينەن خاتىرىگە ئېلىش بولۇپ، ئۇنىڭ تىل يىلتىزى قېزىلمىغانلىقى ئۈستىگە، بۇ يۇرتتىكى تارىخى ئىزنالار ئارقىلىق مەزكۇر يەر-جاي نامىنىڭ تارىخى سالاھىتى روشەنلەشتۈرۈلمىگەن. نەتىجىدە، ئوقۇرمەنلەردە؛ «ئاتالمىش "كاتتايلاق"، "ئىسىل يايلاق"، "كەڭرى يايلاق" دېگەن ئوخشاش مەنىلەردىكى سۆز نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە "كاتتايلاق"نىڭ ئەكسىچە شورلۇق زېمىن ۋە ئۈنۈمسىز يەرگە ئايلىنىپ قالدۇ؟ "كاتتايلاق"نىڭ يىراق ئۆتمىشى بىلەن بۈگۈنكى رېئاللىقتىكى زور پەرقنىڭ پەيدا بولۇشىغا نېمە سەۋەپ بولغان ؟» دېگەن جاۋاپ بېرىش قىيىن بولغان ئۆتكۈر سوئالىغا دۇچ كېلىمىز.

تۈ*ركى تىللىرىنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى قامۇسى «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»غا ئاساسلىنىپ «كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزىنى قازغىنىمىزدا، ئۇ بىر پۈتۈن ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى، ئىككى تۈپ سۆز شەكلىدە ئىككى ئورۇندا ئۇچرايدۇ. تۈپ سۆز ۋە تۈپ سۆزلەرنىڭ ياسالما ئىسىم پەيدا قىلىشى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى پىنىكلىتىش ئۈچۈن ۋە كىتاپنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن... ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنىلا ئالدىم. چۈنكى سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى... "قىلىچ"، "ئوق" دېگەنگە ئوخشاشلار تۈپ ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسالغان ئەمەس. ياسالما ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسىلىدۇ. مۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەن مۇشۇ ئىسىملارنىڭ ئىشلىتىدىغانلىرىنى يازدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن

سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ...» («تۈ*ركى تىللار دىۋانى» 1 ـ قىسىم، 7 ـ 12 ـ 13 ـ بەتلەر).

«تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى يۇقىرقى قائىدىگە ئاساسلانغاندا، «كاتتايلاق»نى «كاتتا» ۋە «يايلاق»تىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن ياسالما ئىسىم (يەر ـ جاي نامى) دېيىشكە بولىدۇ. بىز تىل يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغان «كاتتايلاق»قا ئىككى تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىش شەكلى نەزىرى بىلەن «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»غا قارايدىغان بولساق «كەد» ۋە «يايلاغ»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆز ئۇچرايدۇ؛ ‹ كەد ـ بۇ سۆز "د" بىلەنمۇ، "ز" بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكىتلەش ۋە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن "قالتىس" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەد (كەز) ئات ـ قالتىس ئات. كەد (كەز) نەڭ ـ قالتىس نەرسە.› › («تۈ*ركى تىللاردىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 422 ـ بەت). «يايلاغ ـ يايلاق» («تۈ*ركي تىللار دىۋانى»، 3 ـ قىسىم، 63 ـ بەت). «كاتتايلاق» تىكى «يايلاق» بىلەن «تۈ*ركي تىللار دىۋانى»دىكى «يايلاغ» تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردىكى پەرق «يايلاق»تىكى «ق» تاۋۇشى بىلەن «يايلاغ»دىكى «غ» تاۋۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقى. ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «ق»، «غ»، «خ»، «گ» ۋە «ك»لار نىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىشچانلىقى دائىملىق ئەھۋال بولۇپ، «غ» تاۋۇش بىلەن «ق» تاۋۇشىنىڭ ئۆز ـ ئارا ئالمىشىشى تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ تىز بولىدۇ. «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دا ئوغۇزلار بىلەن قەدىمكى «ئارغۇ شەھەرلىرى»دىكى ئارغۇلقلارنىڭ «ق» تاۋۇشىنى «غ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش مىساللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

تىلشۇناسلىرىمىز تا ھازىرغىچە سۈپەت خاراكتېرىدىكى «كاتتا» سۆزلەمنى بىردەك ھالدا ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلغان دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ كەلدى. بۇ «تۈ*ركى تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ چۇڭقۇرلاشمىغانلىقى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ، سۆزلەملەرنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈ*ركى تىلى ئاساسىدا قىزىپ چىقىشىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، ئاتالمىش پارس تىلى ۋە ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان دېگەن سۆزنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى، بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تىل تەۋەلىك مەسىلىسىدە ساختا ھەقىقەت مەنزىرىسى

كۆرۈلـدى. بىزدىكـى قانائەتسـىزلىك، دەل «كاتتـايلاق»تىكـى «كاتتـا» سـۆزلەمنى ئۇيغـۇرلار ئىسـلام دىنىنـى قوبـۇل قىلىشـتىن ئىلگـىرى كـۆپ ئىشـلىتىلگەن سـۆزلەم دەپ قارىغـانلىقىمىزدىن، ھەمـدە «تـۈ*ركـى تىلـلار دىـۋانى» ئـارقىلىق ھەل قىلىشـقا ئۇرۇنـۇش قىزغىنلىقىمىزنىـڭ زىيـادە كۈچلۈكلىكـىدىن پەيـدا بولـدى. «تـۈ*ركـى تىلـلار دىـۋانى»دىكـى «كەد (كەز)» بىلەن بىرنىڭ دائىملىق تىل ئىستىمالىمىزدىكى «كاتتا» پۈتۈنلەي ماس ۋە ئوخشاش ئۇقـۇم بولـۇپ؛ «كەد(كەز)ـ قـالتىس»، «كاتتـاـ چـوڭ، ئىسىل، قالتىس» قاتارلىق سۈپەت مەنالىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا يەنە، ھوقۇقدار، پۇلدار كىشىلەرگە سۈپەت ئاتالغۇسى بولۇپ كېلىدۇ.

كېيىن ئىيتىشقا بولىدۇكى، «كاتتا»نىڭ تىل يىلتىزى «كەد(كەز)» بولـۇپ، ھـازىرقى سـۈپەت ئاتالغۇسـى «كاتتـا» قەدىمـدە «كەد(كەز)»، «كەدە (كەزە)» ۋە «كەددە (كەززە)» تەلەپپۇزىدا ئىپادىلەنگەنلىكى ئېنىق.

«كاتتـايلاق» نامىنىـڭ تـىل يىلتـىزى بولغـان، «تـۈ*ركـى تىلـلار دىـۋانى»دىكـى «كەد(كەز)» بىـلەن «يـايلاغ»دىـن ئىبـارەت ئىككـى تـۈپ سـۆزدىن بىـر ئاتـالغۇ (يەرـ جـاي نـامى) ياسـىغىنىمىزدا، «كەديـايلاغ (كەزيـايلاغ~ گەزيـايلاغ)»، «كەدەيـايلاغ (كەزەيـايلاغ~ گەزەيـايلاغ)» ۋە «كەددە يـايلاغ (كەززەيـايلاغ~ گەززەيـايلاغ)» قاتـارلىق قىسـمەن پەرىقلىق ئىگە ئوخشـاش ئاتـالغۇ پەيـدا بولـىدۇ. بـۇ ئوخشـاش ئاتـالغۇلار ئىچىـدىكى «كەد يـايلاغ» نـامىنى تەشـكىل قىلغـان ئـۈچ بوغـۇم («كەد»، «يـاي»، «لاغ»)نىڭ ھەربىر ھەرپ تاۋۇشلىرى تىل ئىستىمالىمىزغا تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، «كەد يايلاغ»نىڭ ئوخشـاش مەنىـدىكى «كەز يـايلاغ(گەزيـايلاغ)» ياندىش ئىپادىلىرى تارىخى تەرەققىياتنىـڭ مۇئەييەن قىسقا باسقۇچلىرىدا دەمكۆتە قوللىنىپ ۋە تاشلىنىپ، ئاخىرىدا بۈگۈنكى «كاتتايلاق»نىڭ تىل يىلتىزى «كەديايلاغ» نامىنى تارىخى ئاتالغۇ دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

گەرچە، تارىخى ئاتالغۇ «كەديايلاغ»نىڭ ياندىش ئىپادىسى بولغان «كەز يـايلاغ (گەزيايلاغ)»نـىڭ ئىشلىتىلىشـى ھەققىـدە ھېچقانـداق تـارىخى ئۇچۇرغا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما، تـارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىـڭ بـۇ ھەقتىكـى قىسمەن بايانلىرى، شۇنداقلا، «كاتتايلاق» خەلقىنىڭ ئەۋلاتتىنـ ئەۋلاتقا داۋاملاشـتۇرۇپ كېلىۋاتقـان ۋە ھـازىرغىچە سـاقلاپ كەلـگەن «گەز تۇمشـۇق رىـۋايىتى» بەزى ئېنىقلىملارغا ئېرىششـىمىزگە ئالاھىـدە يـاردىمى بولىشـى مۇمكىن.

ئالىم ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىن «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» ناملىق تەتقىقاتىدا: «"خان سۇپا"، "كاتتايلاق"، "ھاسائاتام" ۋە "باش قاش" بويىدىكى خارابىلىقلار بالاساغۇنغا ئالقىدار سىرتقى ئارخېئولوگىيىلىك يەنە بىر چەمبەر ھسساپلىنىدۇ. بىر قاراشتا ئۇززۇن سوزۇلغان سېپىل خارابىسىدەك، ھەتتا ئارىلاپ-ئارىلاپ كېسەك تاملار كۆرۈنۈپ تۇرغان "باش قاش"، "ئوتتۇرا قاش"، "ئاياغ قاش" بىناكارلىقى ئەسلىدە ئۇستۈن ئاتۇشتىن كەلگەن چاقماق دەريا ئېقىنىنى كاتايلاق تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە قانال-ئۆستەڭ ئورنى بولغان. "ئوتتۇرا قاش"تا كۆپلىگەن ئاھالە ياشىغان توچكىلار ئۇچرايدۇ. » («يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 213-بەت) دىگەن ئىلمى ھۆكۈمنى ئوتتۇرغا قويۇش ئارقىلىق، "قۇمسېغىر" كەنتىدىن تاكى «كاتتايلاق» قىچە سوزۇلغان يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قەدىمقى ئۆستەڭ (قاش)نىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بەزى جايلىرى يەر تەكشىلىكىدىن بىر مېتىر، بەزى جايلىرى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ يىلاندەك سوزۇلغان ئۆستەڭ(قاش) خارابىلىكىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارايدىغان بولساق ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا سۇ ئاققان غوۋۋا ئىزنالارنى كۆرۈش ئانچە تەس ئەمەس. مەن (ئاپتور) ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاشۇ سۇ ئاققان غوۋۋا ئىزنالاردىن بىرنەچچە نوقتىنى قېزىپ، سۇ ئاققاندىكى قالدۇرغان قۇملارنىڭ قالدۇقى ۋە قۇملار ئىچىدىكى ساپال پارچىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ كۆتۈرمە «ئۆستەڭ» ("قاش") نىڭ قەدىمدە خېلىلا چوڭ غول ئۆستەڭ ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندىم. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «... چاقماق دەريا ئېقىنىنى «كاتتايلاق» تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە قانال-ئۆستەڭ ئورنى بولغان.» دىگەن باياندا، تارىخى رىياللىقا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بۇلغان، ھەتتا ھازىرمۇ روشەن ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان پاكىتنى كۆرستىش ئارقىلىق، "قاش" ئۇقۇمىنى دەلىللىگەن. ئۇنىڭ "قاش" ھەققىدىكى ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشى "ئاققاش" توپونومىيىسىنى ۋە بىر قىسىم تارىخى ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلغان بولىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا "قاش" ئۇقۇمى نوقۇل "قۇمسېغىر"دىن "كاتتايلاق"قىچە سوزۇلغان بىرلا قاشنى كۆرستىپلا قالماي، ئۇ يەنە بەشكىرەم يېزىسىنىڭ شەر*قىدىن باشلىنىپ تاكى "ئاققاش"نىڭ شىمالى ئېتىكىنى بويلاپ "كاتتايلاق" يېزىسىغا قاراشلىق "كۆيەك" كەنتىنىڭ

"كۆتەمە" مەھەللىسىگىچە سوزۇلغان يەنە بىر "قاش"نىمۇ كۆرسىتىدۇ. قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز بۇ ئىككى "قاش"نىڭ ئۇستىنى ئۆستەڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇزۇن لىنىيىلىك سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. غەرپتىن شەر*قكە قاراپ پاراللېل ھالەتتە ئاققان بۇ قەدىمقى ئىككى ئۆستەڭنىڭ "باش قاش" تىكى ئارلىقى 4000 مېتىر ئەتراپىدا، "ئوتتۇرا قاش" ئارىلىقى 500 مېتىر ئەتراپىدا، "ئاياغ قاش" ئارلىقى نامەلۇم. ئىككى ئۆستەڭ ("قاش") ئارلىقىنىڭ بۇنچىلىك كەڭ ئورۇنلاشتۇرىلىشى ئۇستۇن ئاتۇش چاقماق دەرياسىنىڭ ئاندا- ساندا ئېلىپ كەلگەن زور كەلكۈنلىرىنى قۇمالتاغىنىڭ جەنۇبى ۋە بەشكىرەم يېزىسىنىڭ شىمالى ئېتىكى ئارقىلىق ئىككى "قاش" ئارىلىقىدىكى مەزكۇر "قانال"غا سىلىپ راۋان ئاققۇزۇش بولسا كېرەك.

تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ ئىككى «ئۆستەڭ»، بىر «قانال»نىڭ غەربى دېڭىز يۈزىدىن 1246 مېتىر ئېگىز، شەر*قى دېڭىز يۈزىدىن 1212 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئېگىز تەرەپتىن تۆۋەن تەرەپكە يەنى شەر*قكە يۈزلەنگىنىمىزدە بەشكىرەم ۋە ئاققاشنىڭ شىمالىنى يۆنىلىشىنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭ، ئۇڭ تەرەپتە بولغاچقا «ئاققاش» (ئاققاش ئۆستەڭ)؛ «قۇمسېغىر»، «قەدىمقى سۇلى دۆلىتى خارابىسى» ۋە «خان سۇپا»نىڭ جەنۇبى يۆنىلىشىنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭ سول تەرەپتە بولغاچقا «سولى(سولمۇر)» (قارا قاش ئۆستەڭ) دەپ ئاتالغان. تۈ*ركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەجداتلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى مەلۇم ئىككى ئورۇن ۋە مەلۇم ئىككى يۇرتنىڭ قانچىلىك يېقىن جايلىشىشىدىن قەتئى نەزەر، شىمال، جەنۇپ تۈز سىزىق لىنىيىسىدىكى ۋە غەرپ، شەر*ق تۈز سىزىق لىنىيىسىدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى بويىچە كۆپىنچى ۋاقىتلاردا شىمال ۋە غەرپتىكىسىنى «قارا»، شەر*ق ۋە جەنۇپتىكىسىنى «ئاق» نامى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ شەر*قى ئېتىگىدىكى قەشقەر بىلەن غەربى ئېتىگىدىكى كەشمىر تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى يۇقارقى ئورتاق قائىدىمىز بويىچە ئاق-قارا مەناسىنى؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى تاغلارنى قاراقۇرۇم تاغلىرى دەپ، شەر*قىدىكى تاغلارنى ئالتۇن تاغ دەپ، كۈنچىقىش تەرەپنى "ئالتۇن" (قىزىل رەڭ) بىلەن، كۈن پېتىش تەرەپنى "قارا" رەڭ بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقى ئېنىق. بۇنداق مىساللار شىنجاڭنىڭ يەر- جاي ناملىرىدا

ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، چاقماق دەرياسىنىڭ غول كەلكۈن سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بۇ چوڭ قانالنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئىككى ئۆستەڭنى شىمال ۋە جۇنۇپ (ئوڭ، سول) تەرەپ مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا "ئاققاش" ۋە "قاراقاش"("سولمۇر~ سۈلى") پەرقىدە ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋە ئىككى ئۆستەڭ ئارلىقىدىكى كەلكۈن ئوخشاشلا غەرپتىن شەر*ق تەرەپكە قاراپ ئاققاچقا، تارىختا ئۆلارنىڭ ئورتاق نامىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ «كاتتايلاق»نىڭ تىل يىلتىزىدىكى "كەد"نىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان "كەز"نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن "گەز" بىلەن قوشۇلغان "گەزقاش" نامىدۇر. ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىننىڭ «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش» ۋە «ئاياققاش» ئۇقۇمى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ پەقەت «قاش»نىڭ ئىككى چەت ۋە بىر ئوتتۇرا نوقتىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، «قاش» ئۇقۇمىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكلا خالاس. «قاش. قىرغاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېشى، قىرغىقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.» («تۈ*ركى تىللار دىۋانى»، 3ـ قىسىم، 208ـ بەت)؛ «قاش» يەر تەكشىلىكىدىن قىر ۋە دامبا شەكىللىك قىسمەن كۆتۈرۈلگەن، بىر نوقتىدىن يەنە بىر نوقتىغىچە داۋاملاشقان ئىگىزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى يان تەرىپىمۇ ئوخشاشلا "قاش" دەپ ئېيتىلىدۇ. «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى بۇ تەبىر ۋە بىزنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىمىزغا ئاساسلانغاندا "قاش" ئۇقۇمى ھەممە جايدا مەۋجۇت ئابستىراكتنى ۋە تۇر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارقا ۋە ئالدى قوشۇلغۇچى قوشۇلغاندا ياكى يەنە بىر تۈپ سۆز قوشۇلغاندا ئاندىن خاس ئاتالغۇغا ئايلىنالايدۇ. "گەزقاش" بۇ شەرتكە تامامەن ئۇيغۇن خاس ئاتالغۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «گەز(كەز)» تۆت خىل مەنا ئىپادىلىشى مۇمكىن؛ بىرىنچى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىغىنى ئۆلچەيدىغان نەرسىنى "گەز" دەپ ئاتاش؛ ئىككىنچى، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا سۇۋاق تەكشىلىكىدىن ئېگىزرەك چىقىرىلىدىغان تۈز سىزىق شەكلىدىكى قاپارتمىنى «گەز تارتىش» دېيىش؛ ئۈچىنچى، «كەزلەدى- گەزلەدى، گەز چىقاردى، كىرتىك چىقاردى؛ بەتلىدى. ئول ئوقىن كەزلەدى- ئۇ ئوقىغا گەز چىقاردى، گېزىنى تۈزەتتى...» («تۈ*ركى تىللار دىۋانى»، 3ـ قىسىم، 410ـ بەت)؛ تۆتىنچى، ‹ ‹كەد- بۇ سۆز "د" بىلەنمۇ، "ز" بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكشىلەش ۋە ئاشۇرۇپ

كۆرسۈتۈش ئۈچۈن "قالتىس" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەد (كەز) ئات ـ قالتىس ئات. كەد (كەز) نەك ـ قالتىس نەرسە.›› ‹ («تۈ*ركى تىللاردىۋانى» ، 1 ـ قىسىم، 422 ـ بەت)تىكى «كەد»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ۋە ياندىش ئىپادىسى بولغان «كەز»(گەز) قاتارلىقلار.

بەشىنچىدىن، مەن يۇقىرىدا قۇمسېغىردىن تارتىپ تاكى «كاتتايلاق» يېزىسى "كۆيەك" كەنتىنىڭ "كۆتەمە" (كۆتۈرمە) مەھەللىسىگىچە سوزۇلغان ئىككى قاشنىڭ تارىختا "گەزقاش"دەپ ئاتىلىشىدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بەش ئاساسىي دەلىلنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بىرىنچى دەلىل، «ئوتتۇراقاش» تىكى "سۇلى دۆلىتى خارابىسى"نىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقى شىمالىدىكى «ھاسائاتام خارابىسى». ئىككىنچى دەلىل، كاتتايلاق خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «تۇرخېنىم» رىۋايىتى. ئۈچىنچى دەلىل، «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى. تۆتىنچى دەلىل، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەلكۈن سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسىغان بىر قانال ھەم بۇ قانالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز قاشنى ئىككى تەرەپتىكى زىمىننى سۇغۇرۇش مەخسىدىدە ئىككى ئۆستەڭ قىلىپ لاھىيەلەشتە، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ "گەز"نى ئىشلەتكەنلىكى. بەشىنچى دەلىل، «كەد»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىكى ياندىش ئىپادە بولغان "گەز"نىڭ ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىش ئېھتىماللىقى.

يۇقۇرقى بەش دەلىل ئىچىدە «ھاسائاتام خارابىسى» بىلەن «تۇرخېنىم» رىۋايىتىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە "ھاسا" تىلغا ئېلىنغان. "ھاسا" ئاتالغۇسىنىڭ بىر تارىخى خارابىلىقتا ۋە بىر رىۋايەتتە ئۇچرىشى، شۇنداقلا بۇ ئىككى ئورۇن ئارىلىقىنىڭ تەخمىنەن ئون ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقىدا تۇرىشى، يەنە كېلىپ شىمالى «قاش»نىڭ لىۋىدە بولىشى ھەرگىزمۇ تاسادىبىلىق ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئاشكارىلايدۇكى، «تۇرخېنىم» بىلەن «ھاسا ئاتام» تارىخى رىياللىقتىكى بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى «ھاسا» ماھىيەتتە ئۇزۇن ـ قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ "گەز" دۇر. ئەجدات سۈپىتىدىكى بۇ «ھاسا ئاتام» قولىدىكى تاياقنى گاھىدا «قاش»نى لاھىيەلەشتە «گەز» (ئۆلچىگۈچ) ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، گاھىدا تايىنىدىغان ھاسا ئورنىدا ئىشلەتكەن. «گەز»نىڭ ئۆلچىگۈچ ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى «تۇرخېنىم» رىۋايىتىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: « خان غوجام دېگەن بىر كىشى ئۆز ھاسىسى

بىلەن ئېرىق چېپىپتىكەنمىش. يۇرت ئاخىرىدا "تۇرا! " دەپ ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ قويغان. جىجىپ (سىزىپ) كەلگەن يېرىدىن سۇ كەلگەن. بىر كىشىدىن " قانچىلىك سۇ كېلىۋاتىدۇ؟" دېسە "3ـ4 تاشلىق سۇ كېلىۋاتىدۇ" دېگەن. ئەگەر ئاشۇ ئادەم "جىقراق كېلىۋاتىدۇ" دېگەن بولسا جىق كېلەركەنمىش. تاياقنى "تۇرا!" دەپ سانجىغان يېرىدە تاياق كۆكلەپ كەتكەن ئىكەن...». دېمەك «خان خوجام» قولىدىكى ھاسا بىلەن «ھاسائاتام» قولىدىكى ھاسا ئارقىلىق ئۆستەڭ چېپىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت ئاشۇ «قاش» ۋە ئاشۇ ئۆستەڭنى لاھىيەلەش ئۈچۈن ئۆلچەپ ـ سىزىشتا ئىشلىتىلگەن «گەز»دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقۇردىكى ئىككى «ھاسا»نىڭ «گەز» دەپ ئاتىلىشىنى تۆۋەندىكى «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى تېخىمۇ تولۇقلاش كۈچىگە ئىگە. «بۇرۇنقى زاماندا كاتايلاق بۆككىدە ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان، سۈيى مول مۇنبەت تۇپراق ئىكەن... بۇ يۇرتتا ئادەملەر كۆپىيىپ ئاۋاتلاشقان بىر پەيتتە، كىشلەرنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىدىغان بىر ئاپەت پەيدا بولۇپتۇ... ئۇ "گەز تۇمشۇق" ئىسىملىك يالماۋۇز ئىكەن... ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ... خوتۇن، باللار يۈرەكلىك ھالدا تالاغا چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ... كاتايلاقتىكى كىشىلەر يۇرتنىڭ ئۆستىگە كەلگەن بۇ ئاپەتنى قانداق قىلىپ يوقۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى يوقىتالماپتۇ... گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ناھايىتى كۈچلۈك بىر مەخلۇق ئىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ قېنىنى شورىماقچى بولسا، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدىكەن ـ دە ئۇزۇن تۇمشۇقىنى يېگىنىڭ ئىچىگە سىلىۋېلىپ ئۆيلەرگە كىرىدىكەن. ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىزىقتۇرۇپ ياكى تۇتۇپ قېنىنى شوراپ، ئاخىرى گۆشىنى يەيدىكەن... ئەنە شۇ چاغلاردا كاتايلاقتا قىرانبەگ ئىسىملىك باتۇر بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئەقىللىق، ماھارەتلىك، كۈچلۈك، باتۇر بولۇپلا قالماي، بىلىم ـ پاراسەتتە كامىل ئىكەن. ئۇنىڭ بىر دانىشمەن ئۇستازى بولۇپ، بۇ ئۇستاز ئۇنىڭغا، بىر نەچچە خىل سېھرىي ھېكمەتنى ئۆگىتىپ، سېھرىي ـ جادۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلغانىكەن. قىرانبەگ ئوقيا ئېتىش، قىلىچ ئويىنىتىش، چەۋەندازلىق، چېلىش قاتارلىق ھۈنەر ـ ھېكمەتتە زامانىسىدا تەڭداشسىز ئىكەن... ئۇ گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن، ئەندىشىسىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپتۇ... گەز تۇمشۇق: ئەي نادان ئىنسان، ئۆزەڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەي ئالدىمىدىن يوقال! ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. ـ ئۆلۈمگنى تويۇۋاتامسەن؟ ـ دەپتۇ قىرانبەگ باتۇر... ئۇلار نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ... ئاخىرى قىرانبەگ باتۇر يالماۋۇزنىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ... ئاندىن گەز تۇمشۇقنىڭ بىر گەز قان شورۇغۇچ تۇمشۇقىنى قىلىچ بىلەن ئوتۇن كەسكەندەك كەسلەپ تاشلاپتۇ... گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرتتىكى خەلق ناغرا ـ دۇمباق، سۇنايلىرىنى چېلىشىپ كوچىغا چىقىپ ئۇسۇل ئويناپ، قىرانبەگ باتۇرنى تەبرىكلىشىپتۇ...» («ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر»، 58 ـ 68 بەتلەر. بۇ رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرگۈچى كاتايلاقتىن قۇربان ئاخۇن. رىۋايەت قىسقارتىپ ئېلىندى).

گەرچە بۇ رىۋايەت روشەن توقۇلما خاراكتېرنى ئېلىپ، "گەز تۇمشۇق" رىيال تۇرمۇشتا كۆرۈلىشى مۇمكىن بولمايدىغان تەرىزدە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تارىختىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۇقۇرى باج ـ سېلىق سىياسىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورايدىغان يالماۋۇزغا تەققەسلىشىمىز تەبىئى. "گەز تۇمشۇق" يالماۋۇز مەخلۇق سىياقىدا تەسۋىرلەنگىنى بىلەن ئۇ بەرىبىر ئادەم. ئۇنىڭ گەز تۇمشۇقى ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىك بولماستىن بەكلى، مەلۇم جاي نامىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپ ئىچىدىكى مەلۇم مۇشتۇمزورنىڭ نامى بىلەن بىرلەشتۈرىلىشى خالاس. "گەز تۇمشۇق"تىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم جاي نامى ھېلىھەم «كاتايلاق» توپونىمىيسىدە «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» نامىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئىلمى ئاساسى شۇكى، قۇمسېغىردىن «كاتايلاق»قىچە سوزۇلغان شىمالى "قاش" قەدىمقى «سۇلى دۆلىتى خارابىسى»(«ئوتتۇرا قاش»)قا بارغاندىن كېيىن بىراقلا شەر*قى شىمالغا بۇرۇلۇپ تەخمىنەن 14 كىلومېتىر داۋاملاشقاندىن كېيىن «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» دوقى (جەينەك)نى ھاسىل قىلىپ، شەر*قى جەنۇپقا بۇرۇلۇپ تاكى باچاك ئېغىزى كەلكۈنى بىلەن چاقماق دەريا كەلكۈنى ئۇچراشقان جايغىچە داۋاملىشىدۇ. «گەز تۇمشۇق»تىكى "تۇمشۇق" ـ كۆپۈنچە ھاللاردا يەر تەكشىلىكىدىن ئېگىزرەك بولغان تاغ، ئۆستەڭ، قاش ۋە قىر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم جايدا ئۈززۈلگەن قىسمى ياكى بۇلۇڭ ھاسىل

قىلىپ بۇرالغان قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنەشۇ دوق (جەينەك)نىڭ «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى "گەز تۇمشۇق" دەپ ئاتالغانلىقى شۇ جايدىكى مەزكۇر "قاش"نىڭ شەر*قى شىمالدىن شەر*قى جەنۇپقا بۇرۇلۇپ تەخمىنەن 180 گىرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە تامامەن ئۇيغۇن.

يۇقۇرقى بەش دەلىلنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، بەشكىرەمدىن «كاتايلاق»نىڭ "كۆتۈرمە" مەھەللىسىگە سوزۇلغان، قۇمسىيغىردىن «كاتايلاق» "چۇشۇر"گە كەنتى "بەش تام" مەھەللىسىنىڭ شەر*قى جەنۇبىگىچە سوزۇلغان ئىككى "قاش"نىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىنىڭ «گەزقاش» ئىكەنلىكىنى يۇقۇردىكى "ئىككى ھاسا" ("گەز")، «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى، "گەز"نىڭ ھازىرقى تىل ئىستىمالىمىزدىكى ئىككى خىل مەنىسى ۋە «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى "گەز" ھەققىدىكى ئىزاھات تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...

تارىختىكى بۇ ئىككى چوڭ «قاش» ئەتراپىدىكى تارىخى توپونومىيىلىك ناملار ۋە ئىزنالارنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش» ۋە «ئاياق قاش» ئابستىراكتنى ئۇقۇمنى ئەمدىلىكتە «گەز قاش» كونكرېت ئۇقۇمغا تۈگەللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرپتىن شەر*ققە سوزۇلغان بۇ ئىككى "قاش"نىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىنىڭ «گەزقاش» ئىكەنلىگىنى خۇشاللىق بىلەن يۇقۇرى ئاۋازدا جاكالايمىز. دېمەك، ئىككى "قاش" تارىختا ھەم خاس نامغا ھەم ئورتاق نامغا ئىگە بولۇپ؛ جەنۇبى "قاش" «ئاققاش» نامى بىلەن، شىمالى "قاش" «سۇلى» (سول تەرەپ "قاش") ۋە "سولمۇر" (سول تەرەپ قارا"قاش") نامى بىلەن، ئورتاق نامى «گەزقاش» بىلەن ئاتالغانلىقىنى تولىمۇ كىچىككىپ بولسىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

ئىككى "قاش"نىڭ ئورتاق نامى تارىختا «گەزقاش» دەپ ئاتالغانكەن، «گەزقاش»نىڭ قايسى قىرغىقىدا يايلاق بولسۇن، بۇ يايلاقنىڭ "گەزيايلاق" دەپ ئاتالمىقى بەرھەق. «كاتتايلاق»تىكى «كاتتا» نامىنىڭ «تۈ*ركى تىللار دىۋانى»دىكى تىل يىلتىزىنى بىز يۇقۇردا «كەد» ۋە ئۇنىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان "كەز~ گەز" ئارقىلىق موقۇملاشتۇرغان ئىدۇق. ياندىش ئىپادە "كەز~ گەز"نىڭ ئاساسى «كەد»

بولغان ئىكەن، «تۈ*ركى تىللار دىۋانى» بويىچە "گەزيايلاغ"نىڭ «كەدىيايلاغ»قا ئۆزگىرىشى تىل تاۋۇشلىرى ئۆزگىرىشىنىڭ ۋە تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. بولۇپمۇ "ك" بىلەن "گ"نىڭ، "د" بىلەن "ز"نىڭ ئۆزئارا ئالمىششى تېخىمۇ شۇنداق.

ئومۇمەن، «كاتتايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى "كەدىيايلاغ" ("كەزيايلاغ~ گەزيايلاغ") بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، "كەدىيايلاغ" بولۇش سۈپىتى بىلەن- ئىسىل يايلاق، قالتىس يايلاق، گۈزەل يايلاق، كاتتا يايلاق دېگەنلىك؛ يەنە بىرى، "كەدىيايلاغ" نىڭ يانداش ئىپادىسى ("كەزيايلاغ~ گەزيايلاغ") بولۇش سۈپىتى بىلەن - ئەجداتلىرىمىز ئۇزۇن- قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان نەرسە ("گەز") ئارقىلىق ئۆلچەپ، لاھىيەلىگەن گۈزەل يايلاق دېگەنلىك.

«كاتتايلاق»نىڭ مۇبارەك نامىنى ئەڭ دەسلەپ «سۇلى خارابىسى» بىلەن «خان سۇيا» خارابىسى ئارلىقىدىكى «هاسا ئاتام» خارابىسى توپىنومىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى «هاسا ئاتام» قويغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى، «هاسا ئاتام» بىلەن «تۇر خېنىم» (خان خوجام) بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆز قولىدىكى "هاسا" (گەز) ئارقىلىق "گەزقاش"نى لاھىيەلىگەن بىردىن- بىر كىشى. ئۇنىڭ «هاسا ئاتام» دەپ شۆنچە هۆرمەت نام بىلەن ئاتىلىشى "گەزقاش"نى لاھىيەلەپ، «كاتتايلاق» نامىنى قويغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئىسىل، گۈزەل ۋە قالتىس نامى بىلەن ئاتالغان «كاتتايلاق»، تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۈچ قېتىملىق بالايى- ئاپەتلىك، قورقۇنۇچلۇق ئېغىر تىرادېگىيىسىنى كۆتۈۋالدى؛ بىرى، تارىخشۇناس، ئىكولوگىيە ۋە ئارخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرىشى ئاستىدىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇن تۆت- بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قۇملىشىش ئاپىتىنىڭ تەھدىدى؛ بۇ ھەقتە ئەلفارابى سۈرىيەنىڭ دەمەشق شەھرىدىن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بالاساغۇنغا كېلىپ قانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن مۇنداق ئاھ ئۇرۇدۇ:

يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،
مۇڭ تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا.

يەنە بىرى، مەرھۇم ئابدۇرەھىم مەھشەدى ئەپەندىنىڭ «ئاتۇش» ناملىق كىتاۋىدا تەسۋىرلەنگەن، مىلادى 1271-يىلىدىكى ئاتۇشتا 35 كۈن ئەتراپىدا ئاققان ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى؛ شۇ قېتىمقى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى «كاتتايىلاق» زېمىنىغا بىر يېرىم مېتىر لاي-لاتقا تاشلىغان بولۇپ، ھازىرقى «خان سۇپا» يېنىدىكى «تەم قورغان» ئىچىنىڭ يۈزى كەلكۈن كىرەلمىگەنلىكتىن ئەتراپتىكى يەر تەكشىلىكىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر تۆۋەنلەپ كەتكەن. مۇشۇ ۋاقىتتا «كاتتايىلاق» زېمىنىدىكى ئەجداتلىرىمىز، بۇ تۇتىيا زېمىنى ۋە روزىغارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانچە، سەرسان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چېكىتىپ، 50-60 يىل ئۆتكەندە يەنە يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىغان؛ ئۈچىنچىسى، 1944-يىلى 29 سائەت ئاققان كەلكۈن ئاپىتى «كاتتايىلاق»قا يەنە يېرىم مېتىر لاي-لاتقا سوۋغا قىلىشقا ئۈلگۈردى...

ئاھ! «ھاسا ئاتام»... ئاھ! جاپاكەش ئەجدادىم...ئاھ! ياقا يۇرتتىكى سەرسان قېرىنداشلىرىم... بۇ غەزەلنى سىلەر ئۈچۈن بولسىمۇ بىر قېتىم ئوقۇۇشۇمغا ئىجازەت بەرگەيسىلەر:

يايلىقىم كاتتا ئەجەپكىم بەك ئۇزۇن چاغلار- زامان،
شۇ زامان چاغلار يەنەكىم ئادىلى شاھى-جاھان.
ئۆمرىمىز ئۆتكەن پاراۋان ئول سەۋەپ؛ ئالىپ ئەرى،
تۇرخوجام-ھاسائاتامدۇر، روھلىرى تۈزگەي قىيان.
تۇتقىنى «گەز»كى-«ھاسا»يۇ، ئۈلچىگەي «گەزقاشى»نى،
«ئۇك تەرەپ ئاققاش ئىرۇركىم، سول تەرەپ سۇلمى تامان».
كاتتا يايلاق ئەرلىرىنى قىلدى پالۋان سەن كەبى،
شائىرى مەشرەپ ھاياجان؛ قەلمى سۆرگەي زۇۋان.

# ئۇيغۇر نامىنىڭ ماددى ئىسپاتى «قور» ھەيكىلى تېپىلدى

**ئاپتورى : مۇھەممەد قادىر**

«پاراللېل ئىككى فىگورىنىڭ بىللە تۇرىشى ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىش جەريانىغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ ھەقىقەت ئىككى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.»

ـ ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن

ئۇيغۇر نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدىكى تارىخى ھەقىقەتنى تېپىشقا قىزىققۇچىلارنىڭ تەتقىقات ـ تەھلىلى، مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىسى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەسىر ئىستىرىلكىسى مىلادىيە 21 ـ ئەسىرنى كۆرسىتىپ، يىلان مۆچىلىنىڭ ئىككىنچى تەكرارىدا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنى مۇبارەك ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتقان ئىنسان توپىغا چەكسىز ھاياجانلىق ئىلھامى بېغىشلايدىغان، ئارخولوگىيىلىك ئابىدە ـ «قور» ھەيكىلى تېپىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ماھىيەتلىك خۇلاسە يېشىمى بىلەن، مەزكۇر ھەيكەل ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزاھلاشقا قادىر بولالىدى.

«مىڭ ئاڭلىغاندىن، بىر كۆرگەن ئەلا»، 1 ـ رەسىم، 2 ـ رەسىم، 3 ـ رەسىم ۋە 4 ـ رەسىملەرگە قاراڭ:

1 ـ رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ ئومۇمى گەۋدە قىسمى




2ـ رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ قىيپاش ھالىتى



3-رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى «قور» كۆرىنىشى




4-رەسىم، «قور» ھەيكىلىنىڭ ئاستى قىسمى



«قور» ھەيكىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ نايىسىگە قاراشلىق كوسراپ يېزىسىنىڭ شىمالدىكى جىلغا ئىچىنىڭ جىلغا يۈزىدىن تەخمىنەن 20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاپتالدىن تېپىلغان.

«قور» ھەيكىلىدە ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ:

بىرىنچى ئالاھىدىلىك، ساپالدىن ياسالغان بۇ «قور» ھەيكىلىنىڭ ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلىغى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىغى(توغرىسى) 9 سانتىمېتىر بولۇپ، كالا قىياپىتىدە، تېخمۇ ئېنىقراقى ئىنتايىن چىرايلىق موزاي قىياپىتىدە لاھىلەنگەنگەن. ئۇنىڭ باش قىسمى مۈڭگۈزلۈك «بۇقا» ھەيۋىتىدە، مۇرە قىسمى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلۈپ ئېگىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پۇت قىسمى ئىنتايىن توم، قۇيرۇق قىسمى كالا ياكى موزاي قۇيرىقى شەكلىدە بېرىلمەي، بۆغا بالىسىنىڭ قۇيرىقى شەكلىدە بېرىلىپ، پەقەت مۈڭگۈز قىسمى بىلەن پەرق ئەتكىلى بولىدىغان موزاينىڭ ئوماق ۋە سېمىز بۇدرۇق ھالىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بەدىئىلەشتۈرۈلگەن. بەلكىم، مەزكۇر ھەيكەلنى لاھىيەلىگۈچى، ئەركەك موزاينىڭ نەسىل ئەلالىغىدا بەقۇۋۋەت يېتىلىۋاتقانلىغىنى نامايىش قىلماقچى بولسا كېرەك. «قور» ھەيكىلىنىڭ ئومۇمى گەۋدە قىسمىغا ياكى تاشقى قىياپىتىگە قارىغاندا، ئۇ «ئوغۇزنامە»دىكى: «ئاشۇنداق بولسۇن دىيىشتى. ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق: (بۇقىنىڭ رەسمى سىزىلغان)». («ئوغۇزنامە»، 25-بەت). «ئوغۇزنامە» (5- رەسىم)دىكى بۇ تەسۋىر بىلەن «قور» ھەيكىلى ئاساسەن ئوخشاش.

5-رەسىم «ئوغۇزنامە»دىكى بۇقا رەسمى



ئىككىنچى ئالاھىدىلىك، «قور» ھەيكىلىنىڭ باش ئۈستى يەنى ئىككى مۈڭگۈز ئوتتۇرىسىغا گەج(ھاك) قاچىلانغان قاچا(ساپال تاۋاق) مەشئەل شەكلىدە ئەك ئىگىز ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ «ئوغۇزنامە»دىكى بۇقىنىڭ ئەينەن قىياپىتىدىن ھالقىغان ھالدىكى مەلۇم ماھىيەتلىك ئۇقۇمنى ئالغا سۈرۈشنى مەخسەت قىلغان بەدىئىي ئىپادە بولىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى ئالاھىدىلىك، «قور» ھەيكىلىنىڭ مۈرە قىسمى ئالاھىدە كۆپتۈرۈلۈپ ئىگىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئورۇنغا ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقى ئىچىدىكى 17- ئۇرۇقى «ئۇلايۇندلۇغ»لارنىڭ بەلگىسى قاپارتما شەكىل ئارقىلىق بېرىلگەن.

«قور» ھەيكەلىنىڭ ياسالغان يىل دەۋرى، ئىلمىزنىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىن تېپىلغان جەنگو (يىغىلىق) دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475- 221 يىللار)دىكى «ئالتۇن بۇغا» ھەيكىلىنىڭ يىل دەۋرى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولۇپ، ھەتتا، شىنجاڭ دائىرسىدە بايقالغان ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دەۋرىدىكى قويۇق ئاتەش پەرەسلىك مەزمۇن قىلىنغان قىياتاش سىزمىلىرى بىلەن شەكىل جەھەتتە بىردەكلىك ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. «قور» ھەيكىلى بىلەن «ئالتۇن بۇغا» ھەيكىلىنىڭ ئارقا پۇت يوتا قىسمى ۋە ئالدى پۇت يۇقۇرى قىسمىغا ئوك يۆنۈلۈش بويىچە ئايلانغان چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) سىزىقچىنىڭ بارغانسىرى كىچىكلىۋاتقان قاپارتما شەكلى بېرىلگەن. «ئالتۇن بۇغا»نىڭ مۈڭگۈزى ئەينەن ھالدىكى ئاچىماق شاخچىلار ئارقىلىق لاھىيەلەنمىگەنلىكى بىزنى خىلىلا تەئەججۈپلەندۈرىدۇ، ئاما بىز ئۇنىڭ مۈڭگۈز قىسمى، بەدەن قىسمى ۋە قۇيرۇقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قارىغىنىمىزدا يەنىلا چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) شەكىل نامايەن بولىدۇ. «قور» ھەيكەلىنىڭ باش ئۈستىگە مەشئەل شەكلىنى چىقىرىپ، ئەك ئۈستىگە ئانتا بۇددا ۋە ئاۋالىكسۇۋارا بۇددا ئىتىكابىنىڭ نىلۇپەر شەكلىدىكى سۇپا (ساپال تاۋاق) ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) ھالىتى يەنىلا قوياش سىمۋولىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ جەھەتتە «ئالتۇن بۇغا»نىڭ مۈڭگۈز قىسمىنىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەنلىكى قوياش سىمۋولى زۆرۈرىيىتىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق. ئېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، «قور» ھەيكىلى بىلەن 7- رەسىمدىكى «تامبالىتاش» قىياسىغا چېكىلگەن قۇياش ئىلاھى

شەكىل جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش. «تامبالىتاش» قىياسىغا چېكىلگەن كالا (قوتاز) بىلەن ئادەم بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، كالا (قوتاز) ئۈستىدىكى ئادەم بېشى قوياشقا ئوخشۇتۇلغاندىن سىرت، قوياشنىڭ نۇر چېچىۋاتقان ئاپتاپپەرەستەك شەكلى «قور» ھەيكىلىدە تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپ نىلۇپەر گۈلى كامالىتىنى تاپقان. ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى دەۋرى بىلەن ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىنىڭ ئۇلۇنۇش ۋە ئۆتۈشۈشچانلىقى تارىخى مەنتىقىگە زىت بولمىسىمۇ ئەمما، ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى دەۋرى بىلەن بۇددىزىم دەۋرىنىڭ زامان جەھەتتىكى نەچچە ئىرا پەرقى، ماكان جەھەتتىكى تەرەققىيات ھالىتى ۋە ئېتىقات پەرقى بىلەن ئۇلاردىكى قىسمەن ئورتاقلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇش تولىمۇ ئەپسانىدەك بىلىنىدۇ. لېكىن بىز، چىرا ناھىيىسىدىكى قەدىمقى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىگە تەئەللۇق «شەرق مەلىكىسىنىڭ يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنى تارقىتىشى» دېگەن 8-رەسىمدىكى تۆت ئادەم باش سۈرىتىنىڭ ئارقىسىغا قوياش سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا، بۇددىزىم ئەقىدىسىدىكى مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاگنى بەلگىسىنىڭمۇ قىياتاش سىزمىلىرىدا مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز. 9-رەسىمدىكى قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاش قىيا سىزمىلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقانىدەك: «جىنسىي تېۋىنىشتىن مەخسەت ئەۋلات تەلەپ قىلىش ۋە ئەۋلات قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان... ھاياتى زۈرۈرىيەت ۋە دىنىي پائالىيەتتىن تاشقىرى بۇ قىياتاش سىزمىلىرى ئەڭ روشەن ئۇسۇللۇق كۆرۈنۈش...» («غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 27-، 28- بەت) بولۇپلا قالماي، پائالىيەتتىكى ئەرلەر نوقۇل جىنسىي ئەزا كۆرۈنىشى بىلەنلا ئىپادە قىلىنىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاياللارنىڭ بېشىغا كالا مۈڭگۈزى ۋە كۆپ شاخچىلانغان بۇغا مۈڭگۈزى سىزىلىپ، بىز سېلىشتۇرما قىلىۋاتقان «قور» ھەيكىلىدىكى كالا بىلەن «ئالتۇن بۇغا ھەيكىلى»نىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىپ، ئاياللارنى دەسلەپكى توتېم ئېتىقادى بىلەن ئوبرازلاشتۇرغانلىقىدەك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقى جامائەسىنى ئەسلىتىدۇ.

6-رەسىم «ئالتۇن بۇغا» ھەيكىلى




7-رەسىم «تامبالىتاش» قىياسىغا چېكىلگەن قۇياش ئىلاھى سىمۋولى




8-رەسىم «شەرق مەلىكىسىنىڭ يېپەكچىلىك تېخنىكىسىنى تارقىتىشى»




9-رەسىم قۇتۇبى نايىسى قىزىلتاش قىيا سىزمىلىرى




ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىدىكى قوياشقا سىمۋوللانغان چەمبەرسىمان (قۇلۇلەسىمان) بۇ خىل قاپارتما سىزىقچە شەكىللەرنى «قور» ھەيكىلى ۋە «ئالتۇن بۇغا»دىن ئىبارەت ھايۋانلارغا بېرىشتىكى مەقسىدى، قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ توتېم ئېتىقادى بولۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ خىل ھايۋانلارنى ئۆز قەۋمىگە تەققاسلاپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ۋە بەقۇۋۋەت يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزگىچە ھەيكەلتاراچلىق ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ بەختەر ۋە باياشاتلىق دەرىجىسىنى ۋاستىلىق ھالدا

ئۇچۇرلاندۇرغان بولىشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ھەيكەلنى ئەجداتلىرىمىزغا باغلاپ، سىلىشتۇرما قىلىشىمىزنىڭ تارىخى ئاساسى شۇكى، «تارىخى خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخى ماتىرىياللار توپلىمى)دا: «مۇۋاڭ... قوشۇن تارتىپ چوەنرۇڭلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تۆت ئاق بۆرى، تۆت ئاق بۇغا غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى.» (44-بەت). «...غەرپ نەزىرگاھلىقىدا تەگرى يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تورۇق ئات، ئۈچ سېرىق كالا، ئۈچ قوچقار بېرىلدى.» (68-بەت). «مىلادىدىن بۇرۇن، 756- يىلى (ۋېنگۇڭنىڭ ئونىنچى يىلى) فۇ نەزىرگاھلىقىنى ياساشقا باشلىدى. ئات، كالا، قوي سويۇپ نەزىر قىلدى.» (68- بەت). «مىلادىدىن بۇرۇن. 739- يىلى (ۋېنگۇڭنىڭ 27- يىلى) ۋېنگۇڭ ئادەم ئەۋەتىپ، نەنشەن تېغىدىن چوكا دەرىخى كەستۈردى. دەرەخلىقتىن چوڭ بىر كۆك كالا چىقىپ، فىڭشۈي دەرياسىغا چۆشۈپ، غايىپ بولدى. كۆپچىلىك: ‹بۇ چوكا دەرىخى ئىلاھىسى› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگۇڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ ‹نۇتې› (努特 ) ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرۇپ، نەزىر قىلدى.» (69- بەت) دېگەن تارىخى بايانلاردا غەرپتىكى ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ قەدىمقى ئوغۇزلار، ئۇيسۇنلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىغا مۇناسىۋەتلىك كالا، بۇغا ۋ بۆرە ئالاھىدە سىرلىق ئىلاھى ھايۋان تەسۋىرىدە ئۇچرىغانىدىن سىرت، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلىۋاتقان مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىگە تەئەللۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە كالانىڭ سۈت بېرىش ئەزاسى (ئەمچەك خالتىسى) شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان تارىخى تېپىندىلار (10- رەسىم، داڭقان ۋە ساپال بويۇملار) خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

10- رەسىم، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان داڭقان ۋە ساپال بويۇملار


Misranim.com
Sunnychina.com


Misranim.com




Misranim.com


Misranim.com




ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئەجدادىنىڭ كالىنى توتېم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخى ماتېرىياللار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپەتەك قىلىدۇ، يۇقۇردىكى «چوكا دەرىخى ئىلاھى» پەقەت كالىنىڭ چوكا ياسىلىدىغان ئورمان ئىچىدىن چىققانلىقى، ھەمدە كالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئىككى تال چوكىغا ئوخشىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. «غەرپكە ساياھەت»تە، شۈەنجۇاڭ قاتارلىق تۆت راھىبنىڭ (مىلادى 629 ـ 649 ـ يىللار) غەرپتىن بۇددا نومىنى ئەكىلىش جەرياندا ئۇرغۇنلىغان جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ توسالغۇلىرى ئىچىدە، كۆچتۈڭگۈر كالا جىنىنىڭ ئازدۇرىشى ۋە توسالغۇسى ئۇيلىمان مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەرگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ يەردىكى كالا جىن غەرپتىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادى ئوغۇزلارغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. «ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قۇرىدىلا «ھە شۇنداق بولسۇن دىيىشتى ئۇلار» دېگەن جۈملىنىڭ ئاستىغىلا بىر كالا سۈرىتىنىڭ بېرىلگەنلىكى ھەرگىزمۇ ئاددى بايان بولماستىن، ئۇ ئوغۇز قەۋمىنىڭ ئانىلىق ئۇرۇق مەزگىلىدىلا كالىنى توتېم قىلغانلىقىنىڭ جانلىق تەسۋىرى. ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى (2 ـ بەت)دە:

ئەھرىمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت،
يامانلىققا ئاستا كۆتىرەتتى قەد.
بۆرە بالىسىدەك ئوغلى بار ئىدى،
ۋەھشىيلىك يېرتقۇچلۇق ئاڭا يار ئىدى.

قاتارلىق تۆت مىسرادىكى ئەھرىمەن دېۋىنىڭ بۆرىگە ئوخشايدىغان بالىسى بىلەن، «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى ئولجا ئېلىنغان «تۆت ئاق بۆرى»نىڭ تارىختىكى قايسى ئىنسان تويىنى نەزەردە تۇتقانلىقى، «ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قۇرىدىكى كالا تەسۋىرىدىن كېيىنلا ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە باشلامچىلىق قىلغان بۆرە ھەققىدىكى بايان، كالا بىلەن بۆرە توتېمىنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى تەھقىقلەپ، تۈركىي مىللەتلىرى ئەجدادىنىڭ كالا توتېمىدىن كېيىنلا بۆرە توتېمىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇمكىنلەيدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ قان- قېرىنداشلىق تارىخى مۇناسىۋىتى نوقۇل بوي سۇنۇش ۋە بوي سۇندۇرۇشتەك سىياسىي مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئۇ تىنىچلىقنى ئاساسى لىنىيە قىلغان نەچچە مىڭ يىللىق سودا ئالاقىسى، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ھەرقايسى مىللەت ئەجدادلىرىنىڭ ئۆز- ئارا بىر- بىرىگە ئىختىيارى سىڭىشىش تارىخى مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ موھىمى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا تەۋە مەدەنىي يادىكارلىق بويۇملىرىنىڭ ماكان خاسلىقىنى تاللىماي، ئەكسىچە خەزىنۇ خەلقنىڭ ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ جەۋھىرى بولغان چاققا- چۆققۇلارنىڭ غەربىي رايوندىن كۆپلەپ تېپىلىشى، غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ «قانقا» ھارۋىلىرى ۋە «ئوغۇزنامە»گە مۇناسىۋەتلىك بولغان كالىنىڭ سۈت بېرىش ئەزاسى (ئەمچەك خالتىسى)غا ئوخشايدىغان يۇقارقى تېپىندىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن كۆپلەپ تېپىلىشى، ماھىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆز- ئارا بىر- بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش ۋە بىر- بىرىنى تولۇقلاشتەك قېرىنداشلارچە تارىخى تەرەققىيات مۇناسىۋىتىدۇر. شۇڭا، غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ سانسىزلىغان تارىخى بۇيۇمىنىڭ غەربىي رايوندىن تېپىلغانلىقىغا ھەيران قالمىغىنىمىزدەك، غەربىي رايوندىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى بۇيۇمىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلىشىغا ئەجەبلەنمىگۈلۈك.

ھەيكەل ھەققىدىكى ياقارقى سېلىشتۇرمىلار ۋە ھەيكەلنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ھەيكەلگە «قور» ھەيكىلى، «ئوغۇز» ھەيكىلى ۋە «ئۇيسۇن» ھەيكىلى دەپ، ئۈچ خىل سالاھىيەتلىك پەخرى نامنى بېرىشكە بولىدۇ. مەزكۇر ھەيكەل تېپىلغان

1994 ـ يىلـدىن تـا ھازىرغىچىلىـك 18 يىـل ئىچىـدە، مېنـى ئىزچىـل ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە، يۇقارقى ئۈچ پەخرى نامىنىـڭ قايىسىسىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسى بولـدى. ھەيكەلنىـڭ ئومـۇمى كۆرۈنىشىـدىن قارىغاندا، ئۇ «ئۇغۇزنامە»نىڭ بىرىنچى قـۇرى ئاستىغا سىزىلغان كالىغا ئوخشىغاچقا «ئوغۇز» ھەيكىلى دېسەكمۇ، مـۇرە قىسمىدىكى ئوغۇزلارنىـڭ 17 ـ قەبىلىسـى «ئۇلايۇنـدلۇغ»لارغا ۋەكىللىـك قىلغـۇچى ئۈيسـۈن نامىـدا «ئۈيسـۈن» ھەيكىلـى دېسـەكمۇ بولىۋېرىدىغانـدەك كۆرۈنىـدۇ. لـېكىن، ھەيكەلنىـڭ كـالا سـۆرەتلىك ۋە «ئۇلايۇنـدلۇغ» بەلگىسـىدىن تاشـقىرى، ئۇنىڭ ئىككى مۆڭگۈزى ئارىسىدىكى مەشئەلسىمان نىلۇپەر گۈلى قاچىسىنى ئەڭ ئېگىـز ئورۇنلاشـتۇرۇپ، ئۇنىـڭ ئىچىـگە گەج (ھـاك) تولـدۇرۇپ قاتۇرۇلغـانلىقى، ئەڭ دىقـقەت قىلىـدىغان نوقتىمىزغـا ئايلىنىـپ، بىزنـى تاقەتسىز ھالدا ئىزدىنىشكە ئۈندەيدۇ. ھەيكەلگە يۈكسەك بەدىئىي كامالەت بېغىشلىغۇچى ھەيكەلتاراچىنىڭ ھەيكەلنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قىسمىدىكى نىلۇپەر قاچىغا گەج (ھاك) قويۇشتىكى مەقسىدى زادى نېمە ؟ گەج (ھـاك) قانـداق نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ ؟ گەج (ھاك)قا ماشلاشقان تارىخى ئاتـالغۇنى تـارىخى مەنبەلەردىن ئۇچرىتىش مۇمكىنمۇ ؟

مەن تۇنجى بۇسۇش ئېغىزىنى، نىلۇپەر قاچا ئۇستىدىكى گەج (ھاك) نىڭ تاشنى خۇمداندا پۇشۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەييار قىلىنىـدىغانلىقى ۋە ئۇنىـڭ ئـاق رەڭـدە بولىدىغانلىقىـدەك ئالاھىـدىلىكلىرى بـويىچە، ھەتتـا «گەج»(ھاك)نىڭ سىمۋوللۇق ئالاھىـدىلىگىنى ئوغـۇز، ئۈيسۈن ۋە ئۇيغـۇر قاتارلىق تارىخى ئاتالغۇلار بىـلەن مـاس كـېلىش ۋە قىسمەن مـاس كـېلىش ئېھتىمـاللىقىنى ئاساسـى لىنىيە قىلىـپ تـۇرۇپ ئىزدەنـدىم... ھېچقانـداق نەتـىجە كۆرۈلمىـدى. ئـاخىرقى ئۇمـۇدۇم، مەھمـۇد كاشـغەرى بوۋىمىزنىـڭ «تـۈركى تىللار دىـۋانى»دىكـى: «مەن ئىشىنى يىپنىكلىـتىش ئۈچـۈن ۋە كىتاپنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن... ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاسـاس بولـىدىغان تـۈپ سـۆزلەرنىلا ئالـدىم. چـۈنكى سـۆزنىڭ قىسقىسـى ياخشى... "ئۇق" دېگەنگە ئوخشاشلار تۈپ ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملار باشـقا سـۆزلەردىن ياسـالغان ئەمەس. ياسـالما ئىسـىملار باشـقا سـۆزلەردىن ياسـىلىدۇ. مۇنـداق ئىسـىملارنىڭ بەزىلـىرى جـانلىق تىلـدا ئىشـلىتىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىـل قائىـدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىشـلىتىلمەيدۇ. مەن مۇشـۇ ئىسـىملارنىڭ ئىشـلىتىدىغانلىرىنى يـازدىم، ئىشـلىتىلمەيدىغانلىرىنى

تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ...» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1-قىسىم، 7- 12-13-بەتلەر) دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ئوغۇز، ئۈيسۈن ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تارىخى ئاتالغۇلارنى بوغۇم پەرقى بويىچە، «ئوغۇز»نى «ئو» بىلەن «غۇز»غا، «ئۈيسۈن»نى «ئۈي» بىلەن «سۈن»غا، «ئۇيغۇر»نى «ئۇي» بىلەن «غۇر»غا، ھەتتا، ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى دەپ قارىلىۋاتقان «خۇزخور»نى «خۇز» بىلەن «خور»غا بۆلۈپ، ھەرقايسى بۆلۈنمە بوغۇملارنى تۈپ سۆز بولۇش ئېهتىماللىقى بىلەن تىلشۇناسلىقتا ئائىت تارىخى كىتاپلارغا ۋە تارىخى مەنبەلەرگە ھاۋالە قىلدىم. بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجە شۇ بولدىكى، «ئۇيغۇر» ۋە «خۇزخور»دىكى «غۇر» بىلەن «خور»نىڭ يىلتىزداشلىقى بويىچە «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى تۈپ سۆز «قور»غا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «غ»، «خ»، «ق»، «ك» ۋە «گ»لارنىڭ ئۆز-ئارا ئۆتۈشۈشچانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا «غۇر» بىلەن «خور»نىڭ «قور» دەپ ئوقۇلىشى تەبىئى ئەھۋال.

«قور-كۆنەلگە. بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇلغان ئازراق قېتىق ياكى قىمىز كۆنەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ قېتىق ئۇيۇتىلىدۇ ياكى قىمىز ئېچىتىلىدۇ.»(«تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 168-بەت).

«قور-كۆنەلگە» مەناسىنى بەرگەن ئىكەن، «كۆنەلگە»نىڭ ئاق رەڭدە بولىشى ھەممىگە ئايان. «قور» ھەيكىلىنى لاھىيەلىگۈچى ھەيكەلتاراچ، ھەيكەلگە «قور»دىن ئىبارەت ماھىيەتلىك مەزمۇننى بېغىشلاپ، ھەيكەلگە ئەڭ ئېگىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان نىلۇپەر قاچا ئىچىگە ھەقىقى «كۆنەلگە» قۇيۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا «كۆنەلگە»دىن مەڭگۈلۈك بىشارەت بەرمەكچى بولسا، ھەقىقى «كۆنەلگە»نى ئۇزۇن ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقى «كۆنەلگە»نىڭ ئاساسى تەركىۋىدە ئاقسىل ۋە سۇ بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشى ئىنتايىن تېز. كېيىنكى كىشىلەر ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنى «كۆنەلگە» دەپ بىلىشىمۇ ناتايىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەيكەلتاراچ ئۆزگىچە بىر يولنى تاللىۋالغان. ئۇ بولسىمۇ، «گەج» (ھاك) بىلەن

«كۆنەلگە»نىڭ ئۇخشاشلا ئاق رەڭدە بولىدىغانلىقىغا ئاساسەن، «گەج» (هاك)نى «كۆنەلگە»گە سىمۋوللىغان بولىشى مۇمكىن. تەسەۋۋۇرىمىزچە، بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ھەيكەل «ئوغۇزنامە»گە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى، ھەم ھەيكەلنىڭ مۆرە قىسمىغا قاپارتما شەكىل بىلەن چىقىرىلغان ئوغۇزلارنىڭ 17 ـ قەبىلىسى «ئۇلايۇندلۇغ» بەلگىسىنىڭ «ئوغۇزنامە»دىكى «ئالتۇن خاقان» («ئۇيسۇن»)لارغا مۇناسىۋەتلىكلىكى، ئوغۇزخاننىڭ: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېگەن سۆزى بىلەن ئوغۇزخان يۇرۇشلىرىدىن كېيىنكى «چوڭ قۇرۇلتاي»دا ۋاستىلىق «ئۇيسۇن» نامىنى تىلغا ئالغانلىقى، شۇنداقلا «ئۇيغۇر» نامى بىلەن «ئۇيسۇن»دىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئاتالغۇنىڭ باش بوغۇمى «ئۇي» بىلەن باشلانغانلىقى، «گەج» (هاك)نى «قور ـ كۆنەلگە»گە سىمۋوللاشنىڭ ئىلمى ئاساسى بولسا كېرەك.

يۇقارقى تەسەۋۋۇرسىز، ھەيكەلگە ئەڭ ئىپتىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان نىلۇپەر قاچا ئۈستىدىكى «گەج» (هاك)نىڭ ھېچقانداق ئىلمى قىممىتى يوق. ئەگەر بىز، نىلۇپەر قاچا ئۈستىگە قويۇلغان «گەج» (هاك)نى ئەجداتلىرىمىزنىڭ «گەج» (هاك)نى ئىقتىرا قىلىشىدىن بىشارەت دەپ چۈشەنسەك، ئۇنى «ئوغۇزنامە»گە مۇناسىۋەتلىك ھەيكەلنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ھېس قىلىمىز. ھەيكەلنى شۇنچىلا بەدىئىي كامالەت ماقامىغا يەتكۈزگەن ھەيكەلتاراچىنىڭ بۇنداق مەنتىقسىزلىقنى يول قويۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شەكسىزكى، نىلۇپەر قاچا ئۈستىدىكى «گەج» (هاك)نى «قور ـ كۆنەلگە» ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇش، ھەيكەلتاراچىنىڭ مول تارىخى بىلىمىنى ۋە ئۇنىڭ تالانتلىق سىمۋول ئۈستىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. دېمەك، ھەيكەلتاراچىنىڭ ھەيكەلنى ياساشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەخسىدى ۋە ئەڭ ئاساسى مۇددىئاسىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بىز بايقىغان مەزكۇر ھەيكەلگە «قور» ھەيكىلى ـ دەپ نام بېرىش، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ بولمىسا كېرەك.

بىز مەزكۇر تارىخى تېپىندىغا، ھەيكەلتاراچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، «قور» ھەيكىلى دەپ نام بېرىپ، «قور» نامى بىلەن ئاتالغان تارىخى ئاتالغۇلارغا قارايدىغان بولساق: «قور ـ كۆنەلگە.»(«تۈركى تىللار دىۋانى»، 3 ـ قىسىم، 168 ـ بەت)؛ «قورلۇق ـ تۇرسۇق. قىمىز قاچىلىنىدىغان كىچىك تۇلۇم.» «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم،

618ـ بەت)؛ مىلادىدىن بۇرۇن 329ـ يىللىرى شەرق ئىستىلاسىغا ئاتلانغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سۆزىدىن نەقىل ئېلىنىپ، «مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرى» بويىچە مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز ئەنگە ئالغان «ئىنان خۇزخۇرەند ~ inan xuzxur and»؛ «بىلگە خاقان ئابىدىسى»نىڭ شەرقى يۈزى 37ـ قۇر « Uygur ~ ئۇيغۇر»؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شەرق يۈزى تۆتىنچى قۇر ۋە «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى بەشىنچى قۇردىكى «三骨利斡 ~ uch quriqan» (ئۈچ قورىقان)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شەرق يۈزى 14ـ قۇر ۋە «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 12ـ قۇردىكى «骨利斡 ~ quriqan» (قورىقان)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» جەنۇپ يۈزى ئىككىنچى قۇر، جەنۇپ يۈزى ئۈچىنچى قۇر، شەرقى يۈزى سەككىزىنچى قۇر، شەرقى يۈزى 12ـ قۇر، شەرق يۈزى 17ـ قۇر، شەرق يۈزى 21ـ قۇر، شەرق يۈزى 24ـ قۇر، «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شىمال يۈزى ئىككىنچى قۇر، شىمال يۈزى ئۈچىنچى قۇر، شەرق يۈزى سەككىزىنچى قۇر، شەرق يۈزى 11ـ قۇر، شەرق يۈزى 15ـ قۇر ۋە شەرق يۈزى 17ـ قۇردىكى «qurigaru» (قۇرىگارۇ ـ كۈن پېتىش تەرەپ)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شىمال يۈزى سەككىزىنچى قۇر ۋە «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 32ـ قۇردىكى « qorgan » (قورگان ـ قورغان)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شىمال يۈزى 12ـ قۇر ۋە «تۇنيۇقۇق ئابىدىسى» جەنۇپ يۈزى يەتتىنچى قۇردىكى « qurya » (قۇرىيا ـ غەرب تەرەپ)؛ «كۆل تېگىن ئابىدىسى» غەرب يۈزىدىكى « qurdin » (قۇردىن ـ غەرپتىن)؛ «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 40ـ قۇردىكى « qorg » (قورگ ـ قەلئە)؛ «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 41ـ قۇردىكى « qorigu » (قورىگۇ ـ قەلئە قاراۋۇلى)؛ هونلار پادىشاسى بارتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئىشىك ئاغىسى «系雩浅(shiyuqian) ~ شىخورچان» («تارىخى خاتىرىلەر»، 110ـ جىلد، هونلار تەزكىرىسى»، 407ـ بەت)؛ «ئۇگۇرجىق» (ugurjiq) («شەجەرەئى تەراكىمە»، «بۇلاق»، 1999ـ يىللىق 3ـ سان، 115ـ بەت)؛ «قاراقۇرۇم» (qaraqurum) (تاغ نامى)؛ «قورغاس» (qorghas) دەرياسى (قورغاس ناھىيىسىدە)؛ «ئۆرۈڭگۈر دەرياسى» (orunggur) («قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا» 14ـ بەت)؛ «قۇربان توڭغۇت چۆلى» (qurbantongghut)

(«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» 13 ـ بەت)؛ «كونگۇر چوقىسى» (kongur) («قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» 11 ـ بەت)؛ «كوگورچىن تېغى» (kogorchin)، «خورا تېغى» (xora)، «قور ساي» (qor) («دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەرناملىرى ھەققىدە»، 109 ـ، 113 ـ بەتلەر)؛ كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان «خورانگىن» (xorangin) دەرياسى («ھۇدۇدۇلئالەم»، 13 ـ باپ. ياغمىلار دۆلىتى ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا»، 119 ـ بەت )؛ گرېك ئالىمى پىتولمى «جۇغراپىيە» كىتاۋىنىڭ «سېرىس» دىگەن قىسمىدا «oecxordas» (ئويخورداس) دەرياسىنى ۋە بۇ دەريا بويىدىكى خەلقلەر نامىنى «oikxardai» () دەپ تىلغا ئالغان («تورپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىشنىڭ باش ئاخىرى»، 98 ـ بەت)؛ ۋىزانتىيە تارىخچىسى نىكتا، گېئورگىلار تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن چەۋەنداز خەلقلەردىن «ogor» (ئوگور)، «uighur» (ئۇيغۇر)، «ounigour» (ئۇنىگور)، «koutigur» (قۇتىگۇر)، «sarogour» (سارىگۇر) «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» 104 ـ بەت) قاتارلىق «قور»غا مۇناسىۋەتلىك 30 ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. تەپسىلى ئېنىقلىغاندا بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىشى مۇمكىن. گەرچە، ئىككى ۋە ئىككىدىن ئارتۇق بوغۇملارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئاتالغۇلاردىكى «قور» نامى ئۆزىنىڭ تىل يىلتىزىنى ۋە تارىخى ئەينەنلىكىنى يوقۇتۇپ «قۇر» (qur)، «غۇر» (ghur)، «خۇر» (xur)، «خور» (xor)، «خار» (xar)، «گور» (gor)، «گۇر» (gur) ۋە «گوئۇر» (gour)

قاتارلىق ئۆزگىرىشلەردە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئۆزگۈرۈشلەر «قور» بوغۇمىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى «ق» تاۋۇشىغا ۋە سول تەرەپتىكى «ر» تاۋۇشىغا ئۇلانغان ئوڭ، سول بوغۇم تاۋۇشلىرىنىڭ سانسىزلىغان تارىخى تەكرارىدىن شەكىللەگەن ھادىسە ئىكەنلىكى تەبىئى.

ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش، دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزمغا ئوخشاشلا، تارىخى ماتېرىيالىزمىدىكى ماركىزىملىق تارىخى قاراشنىڭ ئىلمىي مېتودولوگىيىسى. بۇ ئىلمىي مېتودولوگىيىنىڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىخى ھەقىقىتىنى تېپىشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە. يۇقۇردىكى 30 ئاتالغۇنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇر نامىنىڭ «ئۇي» ۋە «غۇر» ئىككى بوغۇم مۇئەمماسىدىكى «غۇر» (ghur)نىڭ «ئۇي» (uy)غا قارىغاندا

تېخمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر (uyghur) نامىدىكى «غۇر» (ghur)نىڭ ھەرگىز ئارقا قوشۇلغۇچى ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنداقتا، مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز «غۇر»غا نېمە ئۈچۈن ئارقا قوشۇلغۇچى مۇئامىلىسىدە بولىدۇ ؟ جاۋاپ ناھايىتى ئاددى، ئۇ بولسىمۇ: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيغۇر نامى «خۇزخۇر» (xuzxur) شەكلىدە بولۇپ، ئەسلى تىل يىلتىزى «قور» (qor)دىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر نامى ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ئۇيغۇر نامى تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئەمگەك ئىدى. ئۈچىنچىدىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈرك تىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان «خاقانىيە» («ئوردا كەنت») تىلىدا ئارقا قوشۇلغۇچى «غۇر» مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھاتىنى خاتا دېگىلى بولمايتتى. تۆتىنچىدىن، ئۇ، «ئۇي» بىلەن «غۇر»نىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تۈپ سۆز مۇئامىلىسىدە بولمىغان. بەشىنچىدىن، ئۇ، نوقۇل ھالدا، زۇلقەرنەيىنىنىڭ: << ئىنان خۇزخۇرەند - بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ>> دېگەن، ھەربى ئالىم ۋە سىياسىيونغا خاس چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلىۋالغان. بىز بۇنىڭلىق بىلەن، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى «خۇرخۇر» (xuzxur) ئارقىلىق «قور»نى ساقلاپ قالغانلىقىدەك تارىخى تۆھپىسىنى نەزەرگە ئالماسلىقتا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. بىز ئۇنىڭ «دىۋان»دىن ئىبارەت تۈركى مىللەتلىرىنىڭ بىباھا تىل ئامبىرى ئىچىدىن «قور- كۆنەلگە» دېگەن ئالتۇن ئاچقۇچنى تاپالىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، «قور» ھەققىدىكى ئىزاھات بىلەن راشىدىن فەزلۇللا ئەل خامادانىي ۋە ئوبۇل غازى باھادىرخان قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھاتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىخى ھەقىقىتى «قور» ۋە «قور» ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمىز.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدىغان «قور»نىڭ «كۆنەلگە» مەناسىنى بېرىشىدىن قارىغاندا، «قور»نىڭ بۈگۈنكى تىل ئىستىمالىمىزدا پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، «كۆنەلگە» ھېلى- ھەم ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلماقتا. كالا سۈتىنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتتۇرغۇچى بىردىن- بىر نەرسە «كۆنەلگە» بولۇپ، قېتىقنى ئىستىمال قىلىش،

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى بارلىق مىللەتلەردىكى، بولۇپمۇ، تۈركىي مىللەتلىرىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىكى ئومۇمى يۈزلۈك بولغان ئوزۇقلىنىش ئادىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كالا سۈتىنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇشنىڭ كۆنكرت ئۇسۇلى مۇنداق: كالا سېغىلغاندىن كېيىنكى سۈتنى بىر قانچە قاچىغا قۇيۇپ، سۈت قۇيۇلغان قاچىلارنى ھاۋاسى سەل سالقىن بولغان، يەر يۈزىدىن بىر يېرىم مېتىر، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى «چاخېك»تە بىر كۈن ئەتراپىدا توختۇتۇپ سۈتنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ئۇيۇغان قايماق ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئەتىسى تاۋاقلاردىكى سۈتنى قازانغا قۇيۇپ قاينىتىپ پىشۇرىمىز. پىشقان سۈتنى قاپاققا، سوغىغا ياكى چاۋۇرغا قۇيۇپ قىززىقلىقى يانغۇچە ئاغزىنى ئوچۇق قويۇمىز. سوۋۇغان سۈتنىڭ تېمپۇراتۇرىسى تەخمىنەن 20 سېلسىيە گرادۇسقا كەلگەندە «قور- كۆنەلگە»نى سۈتكە قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، قېلىنراق نەرسە بىلەن ئوراپ قويىمىز. تەخمىنەن ئالتە سائەتتىن كېيىن سۈت قېتىق ھالىتىگە كېلىدۇ. سۈتنىڭ قېتىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن كۆنەلگە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كۆنەلگە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئوغۇز كۆنەلگىسى. يەنە بىرى ئادەتتىكى كۆنەلگە. كالىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوغۇز سۈتىنى يۇقارقى ئۇسۇل بويىچە قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇلغاندىن كېيىن، ساقلاپ قويۇلىدىغان قالدۇق قېتىق ئوغۇز كۆنەلگىسى قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى سۈتنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇلغاندىن كېيىن، ساقلاپ قويۇلىدىغان قالدۇق قېتىق ئادەتتىكى كۆنەلگە قىلىنىدۇ. ئوغۇز كۆنەلگىسى بىلەن ئادەتتىكى كۆنەلگىنىڭ پەرقى شۇكى، ئوغۇز كۆنەلگىسىدىن ياسىلىدىغان قېتىق ناھايىتى قويۇق ۋە تېتىملىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئۇگلۇقلىرى ئوغۇز كۆنەلگىسىنى يىل بويى ئىشلىتىشكە شۇنچە ھېرىس.

سۈتنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتتۇرغۇچى «قور-كۆنەلگە»نى ئۇيغۇردىكى «غۇر ~ghur»(قور~ qor) نامىغا تەققاسلىغۇچى ئەبۇل غازى باھادىرخان: « ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ‹ياپىشقۇر› (يېپىشماق) دېگەن مەنىسى بار؛ ‹سۈت ئۇيىدى› دېيىلىدۇ. سۈت يېڭى ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ تەركىپلىرى چېچىلىپ (سويۇق ھالەتتە) تۇرىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن بولسا چېچىلماستىن بىرىكىپ (يېپىشىپ) تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە ‹ئىمامغا ئۇيۇدۇم› دەيدۇ، يەنى ئىمام ئولتۇرغاندا ئولتۇردۇ، تۇغاندا تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمامغا يېپىشقىنى» دەيدۇ («ئۇيغۇر نامى ھەققىدە» ‹ج. كلاۋسون› ،

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006- يىللىق 1- سان، 89- بەت)؛ مۇھەممەد مەھدى خان: «... بىر قىسىم قەبىلىداشلىرى ئوغۇز تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇلارنى مەن بىلەن بىرلەشتى دېگەن مەنىدە ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ» دەيدۇ («ئۇيغۇر نامى ھەققىدە» ‹ج. كلاۋسون›، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006- يىللىق 1- سان، 89- بەت)؛ راشىدىن فەزلۇللا ئەل خامادانى: «بۇ دۆلەتتە ئالىي ھوقۇق ئوغۇزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن... ئۆزىگە بويسۇنغان موبىسپتلار ۋە قوللىغۇچىلارنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ.» دەيدۇ («ئۇيغۇر نامى ھەققىدە» ‹ج. كلاۋسون›، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006- يىللىق 1- سان، 89- بەت). بۇ ئۈچ شەخسنىڭ سۆزى «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ تۆۋەندىكى بايانىنى ئاساس قىلغانلىقى شەكسىز. چۈنكى «ئوغۇزنامە» پۈتكۈل تۈركى مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدىن بۇيان ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان مەشھۇر داستانى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەزكۇر داستاندىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئوغۇزخان ئەتراپتىكى قېرىنداش قەۋملەرگە يوللىغان مەكتۇبىدا: « مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بوي سۇنۇشىڭلارنى سورايمەن. كىمكى مېنىڭ ئاغزىمغا باقسا، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن. كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىلەن لەشكەر تارتىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە دۈشمەن تۇتىمەن. لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ» دەپ جاكارلايدۇ («ئوغۇزنامە» 46- ، 47- بەتلەر). ئوغۇزخاننىڭ بۇ يەردە « مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېگەنلىكى، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ھەرگىزمۇ ئوغۇزخان دەۋرىدىن بۇرۇن مەۋجۇتلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «ئۇيغۇر» نامى ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىكى سىياسى شۇئارى ۋە سىياسى مۇداناسىدىكى ئۆزى قويغان يېڭىچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» (ئۇيغۇرخان) دېيىش ئارقىلىق، تۈنجى قېتىملىق تۈركى قەۋملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى، بىرلىكسەپ قۇرغۇچى، ئويۇشتۇرغۇچى، خۇددى «قۇر- كۆنەلگە»گە ئوخشاش سۆتنى ئۇيۇتتۇرغۇچى «قۇر پادىشاھ ~胡王»

(http://baike.baidu.com/view/500205.htm) سالاھىيىتىنى نامايەن قىلغان. قەتئىي ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ يەردىكى «قور- كۆنەلگە» ئوغۇزخان پادىشاھقا، ئۇ ئۇيۇتتۇرماقچى بولغان سوت پوتكول تۈركى قەۋملىرى (ئوغۇز قەۋملىرى)گە سىمۋوللانغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان «ساقلاپ»، «قانقا»، «تۆمۈر دۇقاغۇل»، «قاغارلىغ»، «قىپچاق» قاتارلىق نامىلارنى ھەربىر تارىخى ۋەقەلىكتە باغلاپ قويغانلىقىنى، ئەمما، ئۇيغۇر نامىنى ھېچقانداق ۋەقەلىككە باغلىمايلا تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ئىدۇق. بىزدىكى ئەپسۇسلۇق، تارىخى تەپەككۇرىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئوغۇزخاننىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى نەزەرگە ئالماسلىقتىن كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىنتايىن ھالقىلىق يېرىدە ئۇيغۇر نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى، ئوغۇزخاننىڭ خۇددى «قور» (كۆنەلگە)گە ئوخشاش سوتنى قېتىقتەك ئۇيۇتتۇرغىنىدەك، پوتكول ئوقياچى خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇيۇشتۇرۇشنى ئەڭ ئالىي غايە قىلغانلىقىدۇر. مانا بۇ، پوتكول تۈركى قەۋملىرىنىڭ ھەممەيەسلىكىنى ئۇيغۇر (قور) نامىغا تەگداش قىلغان زور تارىخى بۇرۇلۇش پەيتىدىكى مۆجىزىلىك ئاتالغۇ.

ئۆزگىلەر مەجبۇرى سوۋغا قىلمىغان بولمىسىلا، بىر مىللەتنىڭ مۇبارەك نامىنى مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار پەيتلىرىدە شۇ مىللەت ئەزالىرى ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئەژدات- ئاتىللىرى قويغان بولىدۇ. تۈركى مىللەتلىرىنىڭ قەدىمقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم ئاجايىپ ئېپتىخارلىق ئەڭ جەڭگىۋار چاغلىرى بولغان. بىرى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3400- يىللاردا (ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا). بۇ مەسىلىنى تۆۋەندە ئايرىم تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز) ئوغۇزخاننىڭ پوتكول تۈركى قەۋملىرىنىڭ بۆيۈك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدەك جەڭگىۋار پەيتى. ئىككىنچى قېتىملىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 500 يىللارغا توغرا كېلىدىغان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) دەۋرى. ئۈچىنچى قېتىملىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 195- يىللار ئەتراپىدا ھون خانى باتۇرخاننىڭ: «بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى» («تارىخى خاتىرىلەر 110- جىلد، ھونلار تەزكىرىسى»، 407- بەت) دېگىنىدەك- جەڭگىۋار پەيتى. ئۇيغۇر نامىنىڭ ئوغۇزخان دەۋرى، ئالىپ ئەرتۇڭاخان دەۋرى ياكى باتۇرخان دەۋرىنىڭ قايسىسىدا قويۇلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، باتۇرخان دەۋرىدە

قويۇلغانلىقىنى بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «دىۋان»دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدىكى «خۇزخۇر» (xuzxur) نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغان ۋاختى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ دېيىلسە، باتۇرخان «خۇزخۇر» نامىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن 134 يىل كېيىن ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر، ئۇيغۇر نامىنى ئالپ ئەرتۇڭا دەۋرىدە قويۇلغان دەپ قارىساق، بۇ خىل قاراشمۇ تارىخى مەنتىقىگە زىتلىقى بىلەن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئالپ ئەرتۇڭا ئىران بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان مارافونچە ئۇرۇشتىكى تۇرانلارنىڭ ئىرانغا قارشى تارىخى قەھرىمانى بولۇپ، تارىخى بايانلاردا «قاراخان» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، نوقۇل «تۆۋەن چىن» (ماچىن)نىڭ پادىشاسى ئىكەنلىگى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ ئىران بىلەن بولغان تۆگىمەس جەڭگە ـ جېدەللىرىدىن «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەپلىك ئۇ، «ئوغۇزنامە»دىكى «ئوك تەرەپتىكى ئالتۇن خاقان» بىلەن «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان»نى بىرلەشتۈرگىدەك تارىخى سالاھىيەتنى ھازىرلىمىغان. ئەگەر بىز، ئوغۇزخان بىلەن ئالپ ئەرتۇڭانى بىر تارىخى شەخسنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىساق، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ پەرزەنتلىرى ئوغلى «بارمان» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3 ـ قىسىم، 503 ـ بەت)، قىزى «قاز» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3 ـ قىسىم، 204 ـ بەت) بىلەن ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن روشەن پەرقكە ئېگە.

ئۇنداقتا، «خۇزخۇر» (xuzxur) نامىنى ماكادونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قويغانمۇ ؟ ئىسكەندەرنىڭ شەرق ئىسلىتلاسى قەدىمىنىڭ تۇران ئىلىگە يېتىشى، تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئەك جەڭگىۋار پەيتلىرىمىدى ؟ ئىسكەندەر بارلىق ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ ئەجدات سالاھىتىگە ئېگىمۇ ؟

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى: «ئوغۇز تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى... ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ... بىرىنچىسى: قىنىق. ئىككىنچىسى: قايىغ. ئۈچىنچىسى: بايۇندۇر... بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى ئۇلارنى قورغان ئەك

قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدۇر... ئۇلارمۇ ئۆز نامىلىرىنى قەدىمقى ئاتا- بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۈرگۈزىدۇ.» (1- قىسىم، 77-، 78-، 80- بەتلەر) دېگەن بايانغا قارىغاندا، ئىسكەندەرنى تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئەجدادى دېيىشكە بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، «ئىنانىد خۇزخۇرانىد» (inan xuzxurand) نامىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە قويغانلىقى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. «ئىنانىد خۇزخۇرانىد» (inan xuzxurand) گىرەكچە ئاتالغۇ ئەمەس، ھەم پارسچە ئاتالغۇ ئەمەس. ئۇ، ساپ تۈرك تىلى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا سۆزمۇ- سۆز مەناسى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن؛ «ئىناندىم،ئىشەندىم. مەن ئاڭار ئىنانىدىم-مەن ئاڭا ئىشەندىم...» (1- قىسىم، 276- بەت). «ئىنانچ-ئىشەنچ، ئىشەنچلىك.» (1- قىسىم،180- بەت). «ئىنانچ-ئىشەنچ، ئىشەنچلىك، ئىنانچ بەگ- ئىشەنچلىك بەگ»(3- قىسىم،609- بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا «ئىنان» (inan)- ئىشەنچ، ئىشەنچلىك دېگەن مەنىدە. ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىز بويىچە «خۇزخۇر» (xuzxur)- ئىتتىپاقلاشماق، ئويۇشماق دېگەن مەنىدە. «ئانىد-قەسەم...» (1- قىسىم،60- بەت). «ئانىدغاردىم- قەسەم ئىچكۈزدۈم...» (1- قىسىم،410- بەت). «ئانىدغاردى-ئانىد ئىچكۈزدى، قەسەم قىلدۇردى» (3- قىسىم575- بەت). بۇنىڭدىن مەلۇمكى «ئانىد» (and)- قەسەم مەنىسىدە كەلگەن. ئۈچ سۆزلەمنى بىرلەشتۈرگەندە «ئىنانىد خۇزخۇرانىد» (inan xuzxurand)- ئۇيۇشۇش (بىرلىكسەپ تۈزۈش ~ ئىتتىپاقلىشىش ~ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش) ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىكلەر دېگەن مەنانى ئاشكارىلايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئوتتۇرغا قويۇلغان تۆۋەندىكى تەپسىلاتنى ئىنچىكىلىك تەھلىل قىلغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ:

«ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇرغا يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند - بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان

خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يىيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 151 ـ بەت). بۇ ئۇچۇردىن قارىغاندا، تۈرك خاقانى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن چەبدەس، ئۆز ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىنمۇ قورقمايدىغان، ياش ۋە قورقۇمسىز تۆت مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئۇلار زور قوشۇن ئالدىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ھەممىسى قۇربان بولغان. پەقەت بىرنەچچىسى ياردار ھالەتتە ئىلاجىسىز ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا، غەزەپ قەھرى بىلەن: «ئىنانىد خۇزخۇراند !!!» (xuzxurand inan !!!) ـ بىز ئىتتىپاقلىششىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىك قېرىنداشلارمىز !!! دېگەن شۇئارنى قاتتىق تۇۋلاپ، ئۆلۈمنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغان. بۇ ئېھتىماللىقنى تۆۋەندىكى يەنە بىر ئۇچۇر تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ:

«ئۆگە ـ تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، گاداڭ. ئاددى خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى ـ سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىنىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: ‹سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولىشى كېرەك ئىدى› دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى ‹ئۆگە› سۆزىنى قوللىنىپ، ‹ئۆگەنمۇ ؟› دېگەن. ۋەزىر ‹ھەئە› دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سىلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن: ‹بۇ نېمە؟› دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: ‹ئالتۇن قان› دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھوجۇمدىن

كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 122- ، 123- بەت). بۇ باياندىن شۇنداق بىر ئېسىل ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە شۇنداق بىر ھېكمەت ئايانكى، تۈرك ئەسكەرلىرى ئىچىدە قېرى ۋە قىرانلار سەۋرچانلىق بىلەن ئەپلىك پۇرسەت ئىزلەپ، تەجرىبىلىك ھالدا ئۇرۇش قىلىپ ھامان غەلىبە قىلىشنىلا ئويلايدۇ. ئەگەر، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا، چېكىنىشنىمۇ بىردىن ـ بىر ئاقىلانە چارە دەپ قارايدۇ. تۈرك خاقانى بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەقەت ۋە پەقەت ياشلارنىلا ئاتلاندۇرۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئۇزۇل- كېسىل قۇربان بېرىش روھى بىلەنلا ئىسكەندەرنى ھاڭ- تاڭ قالدۇرۇپ، سۈلھىگە مەجبۇرلاشنى ئاخىرقى مەخسەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جەددى پەيىتتە بۇ ھېكمەتتىن ۋەزىرنى ۋاقىپلاندۇرۇش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ۋاقىپلاندۇرۇلغان تەقدىردە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسىمۇ، 4000 ياش ئەسكەرنىڭ 8000 ئاتا-ئانىسىنىڭ قان- ياشلىق كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرىغا پادىشاھ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پادىشاھ يۈزە كۆرۈنۈشتە ۋەزىرنىڭ مەسلەھەتىنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، يەنىلا تەكرار قاتتىق سىناقتىن ئۆتكەن بىرلا ياشانغان كىشىنى ئەۋەتكەن. ئېھتىمال بۇ ياشانغان كىشى پادىشاھنىڭ ئايرىم قوبۇل قىلىشى ۋە قولاق تۈۋىگە پىچىرلاشلىرى ئارقىلىق، پادىشاھ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ۋىدالىشىش خاراكتېرلىك خەيرلەشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەھىملىك ھالدا شۇنداق ئويلىدىكى: «بىرنەچچە مىڭ تۈرك ئەسكىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بۇ دەرىجىدە بولسا، نەچچە ئون مىڭ تۈرك ئەسكىرىنىڭ ھەيۋىتىگە كىم بەرداشلىق بېرەر؟... ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان بىر- ئىككى ئەسىرنىڭ ‹ئىناند خۇزخۇراند !!!› (inan xuzxurand!!!) دەپ تۇۋلىشى ئەسكەرلىرىمنىڭ يۈرىكىگە قانچىلىق قورقۇنۇچ سالغاندۇ ؟...»؛ ئىسكەندەر، «ئىناند خۇزخۇراند» (inan xuzxurand)نىڭ ئادەدى يەشمىسى بولغان- «ئۇيۇشۇش (بىرلىكسەپ تۈزۈش ~ ئىتتىپاقلىشىش ~ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش) ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىك قېتىنداشلارمىز» دېگەن خاتابى شۇئارنى ھەربى ئالىم ۋە سىياسىيونغا خاس سەزگۈرلىكى بىلەن: «بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دېگەن ئالاھىدە بولغان

باشقىچە تەبىرنى بەردى. ئۇنىڭ بۇ تەبىرى، تۈركى قەۋملىرىنىڭ قېرىنداشلارچە بىرلىكسىپپى، خۇددى، كوللىكتىپ ھالدا ئوۋ ئوۋلىغان بۆرىلەرنىڭ نەتىجىسىز قالمىغىنىغا ئوخشىتىلغان ئىدى. تۈرك پادىشاسىنىڭ كۈتكىنىدەك «سىرلىق تاكتىكا»نىڭ مۆجىزىلىك نەتىجىسى كۆرۈلدى؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۈركلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ كېلىشۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى... «زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھوجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن.»

يۇقارقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن «ئىناند خۇزخۇراند» دېگەن ئاتالغۇنى ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرغا قويمىغان بولۇپ، ئۇ، تۈرك پادىشاسىنىڭ «سىرلىق تاكتىكا»سىنىڭ تەسىرىدە، «خۇزخۇر»غا خۇددى ئۇيغۇر نامىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا ئوخشاش تىل شۇناسلىق نوقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەربى ۋە سىياسى نوقتىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ـ خالاس.

ئىسكەندەرنىڭ شەرق ئىستىلاسىغا ئاتلىنىپ تۈرك زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى، بىز يۇقۇردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «خۇزخۇر» نامىنىڭ قويۇلىشىغا سەۋەپ بولىدىغان تۈركى قەۋملىرىنىڭ جەڭگىۋار پەيتى ئەمەس. بەكلى ئۇلارنىڭ ھەربى مۇداپىئە ھالىتىدە، ھەتتا چېكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى ئىككى تەپسىلاتتىن ئېنىق كۆرەلەيمىز:

«...زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ ‹شۇ› ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى ‹شۇ› قەلئەسىنى ‹شۇ› ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرىپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: ‹زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى باركىن؟› دېيدۇ. ئەسلىدە خاقان ‹شۇ› خۇجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىپ تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپى ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ

كۆمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۇزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆدەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن. خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ موشۇ كۆمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: ‹غاز، ئۆدەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟› دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۇلاردا ‹خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس› دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەشۋىش پەيدا بوپتۇ. ئۇلاق تاپالىغانلار ئالدىراش- تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاقلارغا مىنىشىپ خاقاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ، تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۈپ-تۈز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاب، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كۆچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاق تاپالمىغانلىقتىن، بالا-چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتاپنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلەھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك-تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ، ھېرىپ-ئاچقان، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېلىپ قالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ، يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا: ‹ئەي ئادەملەر، زۇلقەرنەيىن بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بەربىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز› دەپتۇ. ئۇلار ئىككى

ئائىلىگە تۈركچە: ‹قالاچ-مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قىلىڭلار› دەپتۇ. كېيىن ئۇلار ‹قالاچ › دەپ ئاتىلىپ قالغان. خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر. زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىللىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار ‹تۈرك مانەند-تۈرككە ئوخشايدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنكە قەدەر نام بولۇپ قالغان. تۈركمەنلەر ئەسلىدە يىگىرمە تۆت قەبىلىدۇر. لىكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر. خاقان ‹شۇ› چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش ‹ئالتۇنقان- ئالتۇن خان› دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە ‹ئالتۇنخان› دەپ ئاتىلىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خاقان ‹شۇ› قايتىپ كېلىدۇ. ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرلەيدۇ، ئاندىن ئۆزنامى بىلەن ئاتالغان ‹شۇ› شەھەرنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ» (3-قىسىم، 564-بەت).

«سۇ كەلدى يەر يايا
قارار قار (كۆكنى با)سا
قاچتى ئاگار ئالب ئايا
ئۇفۇت بولۇپ ئول ياشار»

(«يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ-توزان ئۇپۇقنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالپ ئايا دېگەن كىشى قاچتى، ئۇ يىگىلگەچكە ئۇيۇلۇپ ياشىدى.») («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 288-بەت). شىېردىكى دەسلەپكى ئىككى مىسرا،

ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ پامىر-قاراقورۇم تاغلىرىدىن ھالقىغاندىكى دەھشەتلىك كۆرۈنۈش تەسۋىرى. كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى تەسۋىرلەنگەن شەخس «تۆۋەن چىن»نىڭ پادىشاسى «ئالپ ئايا» بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ)تىن 171 يىل كېيىن ياشىغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 329- يىللاردىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۇنجى قېتىم زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ 4-، 5-ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. «ئالپ ئايا» چوقۇمكى «ئالپ ئەرتۇڭا»دىكى «ئالپ»نى تەخەللۇس قىلغان.

يۇقارقى تارىخى بايانلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلارغا بەش شەھەر سىلىپ بىرىشلا ئەمەس، بەلكى ئەجدادىمىزنىڭ يۇرىكىگە قانلىق داغ سالغۇچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر تاجاۋۇزچى، بىزگە ئۇنتۇلماس بىر تارىخى ئاتالغۇ سوۋغا قىلدى دېيىلگەن تەقدىردە، بۇ ئاتالغۇ ھەرگىز «خوزخۇر» ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاتالغۇ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى ئىپغىر مەسخىرە ئاستىغا ئالغان «باكتىرىيە» ئاتالغۇسىدۇر. «باكتىرىيە»نىڭ ئەسلى ئاساسى ‹پۈكتۈرىيە› بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسى ‹تىز پۈككەن تۇرانلار› دىگەن ھاقارەتلىك نام ئىدى.

ئۇيغۇر نامىنى قويغۇچى ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىماللىق يەنىلا ئوغۇزخان. تۈركى مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسى يايلاق قەۋملىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېنىق. ئىپتىدائىي جەمئىيەت، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، ئىبتىدائى جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دەۋرىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يايلاق قەۋملىرىگە ھەدىيە قىلغان نىسۋىسى گۆش، تېرە، ژۇڭ ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىدى. سۈتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ قىمىز، قۇرۇت ۋە قېتىق ياساشتا كۆنەلگىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايتتى. بولۇپمۇ كۆنەلگە ئارقىلىق سۈتنى قېتىق قىلىپ ئۇيۇتۇشنىڭ ئىقتىرا قىلىنىشى، سۈتنىڭ قېتىق ھالەتتە ساقلىنىش ۋاختىنى ئۇزارتىپلا قالماي، ھەتتا قېتىقتىن يىللاپ ساقلىغىلى بولىدىغان قۇرۇت ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. «قور- كۆنەلگە» نىڭ بۇنداق خاسىيىتى ھازىرقى ۋاقىتتا تولىمۇ ئاددى ۋە كۆلكىلىك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمما ئەينى دەۋر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ زور ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەرقانداق بىر قەۋم ۋە ھەرقانداق بىر

مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ۋە تىل ئالاقىسى شۇ دەۋر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەھسۇلات نامىلىرىنى ئاساسى مەنبە قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەۋملەرنىڭ ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنى تۇتۇم قىلغانلىقى، بۆرىنىڭ كۆللىكتىپ ئوۋ ئوۋلاشتىكى قۇدرىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆزىگە بۆرىنى پەخرى نام قىلىپ قوللانغانلىقى، كالا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقۇرى مول سۈتىگە قاراپ «ئۇد» (كالا) تۇتۇم قىلىنغانلىقى، تۇنجى قېتىم ئات مىگەن كىشىگە «يۇن» (سۇمرۇغدەك پەرۋاز قىلغۇچى)، تۇنجى قېتىم ئات كۆندۈرگۈچى قەۋمگە «قاغۇز»، تۇنجى قېتىم ھارۋا ياسىغان قەۋمگە «قانقا»، تۇنجى قېتىم تۆمۈردىن قورال ياسىغان كىشىگە «تۆمۈردۇقاغۇل» قاتارلىق ناملارنىڭ بېرىلىشى، بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ناھايىتى روشەنكى، «قور-كۆنەلگە» ئىپتىدائىي ئاتالغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ سۈتنى ئۇيۇتتۇرۇشتەك خاسىيىتىنى يايلاق قەۋملىرىنىڭ بىر نەچچىسى ئۆزىگە سىمۋوللۇق پەخرى نام قىلغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «قور-كۆنەلگە»دىن ئىبارەت بۇ پەخرى نام پادىشا ۋە شاھ قەبىلىسىگىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. سەۋەبى، «قور- كۆنەلگە»- ئۇيۇتتۇرغۇچى، سۈت- ئۇيۇغۇچى. شاھلار «قور» (كۆنەلگىدەك)- ئاۋامنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى (ئۇيۇتتۇرغۇچى)، ئاۋام (سۈتتەك) ئۇيۇغۇچى. دىمەككى، پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش (ئۇيۇتتۇرۇش) ئۇلۇغ يۈرىشىگە ئاتلانغان ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر (uyghur)دىكى «قور»غا ئوخشىتىشى بەرھەق.

بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم، پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئۈچ ئاساسى قەبىلە ئىتتىپاقى ئۆزىنى «قور» (qor) نامى بىلەن ئاتىغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، كىرورەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى- «ئۇيغۇر» (uyghur)؛ ئىككىنچىسى، ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقى- «خۇزخۇر» (xuzxur)؛ ئۈچىنچىسى، ئالتۇن خانلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى- «ئۇيسۇن» (uysun)دىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ نام بىرلىشىپ، تارىختىكى زور ئاتالغۇ «ئۈچ قورىقان»نى ھاسىل قىلغان. «ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»دە «ئۈچ قورىقان» بىلەن « quriqan » (قورىقان)نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىككى قېتىمدىن تەكرارلانغان بولۇپ، ئۇلارغا «ئېتنىك نام» دەپ ئىزاھات بېرىلىپ باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغان. بۇ ئېتنىك نام «تارىخى خاتىرىلەر»دە: «روران» (

楼兰 ـ غەربىي ئەل ‹قورىغار› نىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى.)؛ «ئۈيسۈن» (乌孙) ـ قەدىمكى قەۋم. دەسلەپ چىلىيەن تېغى بىلەن دۇڭخۇاڭ ئارىلىقىدا ماكانلاشقان. مىلادىدىن بۇرۇن 161 ـ يىل ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا كۆچكەن. شىمالى، جەنۇبى سۇلالە ‹مىلادى 420 ـ، 851 ـ يىللار› دەۋرىدە پامىرنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. قازاقلار ئىچىدە ھېلىمۇ ئۈيسۈن قەبىلىلىرى بار. مىلادىدىن بۇرۇن 938 ـ يىللاردا ئۈيسۈنلار لياۋ خاندانلىقىغا باج ـ خىراج تۆلەيتتى)؛ «ئوغۇز» (呼揭) ـ بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.) («110 ـ جىلد، ھونلار تەزكىرىسى»، 407 ـ بەت، 443 ـ بەت) دەپ ئىزاھلانغان.

شۇ نەرسە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەركى، «ئۈيغۇر» بىلەن «ئۈيسۈن» دىن ئىبارەت ھەرئىككى ئاتالغۇنىڭ باش بوغۇمى «ئۈي» (uy) بولۇپ، «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «ئۈي» مۇستەقىل ھالدا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئۈي»غا مۇناسىۋەتلىك: «ئۈيدى (uydi) ـ باستى، چىگدىدى. ئول ئۈنۈغ ئۈيدى ـ ئۇ ئۇنى باستى. باشقا نەرسىلەرنى چىگداشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ئۈيار ‹uyar› ـ ئۈيماق ‹uymaq› ). » («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 235 ـ بەت)؛ «ئۈيۈلدى (uyuldi) ـ چىگدالدى، بېسىلدى. ئۈيۈلدى نەڭ ـ ‹ئۇن تاغارغا چىگداپ بېسىلغاندەك› بېسىلغان نەرسە (ئۈيۈلۈر ‹uyulur› ـ ئۈيۈلماق ‹uyulmaq› ).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 355 ـ بەت)؛ «ئۈيتۈردى (uyturdi) ـ باستۇردى، چىگداتتى. ئول ئۇن ئۈيتۈردى ـ ئۇ ئۇن چىگداتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئۈيتۈرۈر ‹uyturur› ـ ئۈيتۈرماق ‹uyturmaq› ).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 356 ـ بەت)؛ «ئۈيۈشدى (uyushdi): ئول ئاگار قاپقا ئۇن ئۈيۈشدى ـ ئۇ ئۇنىڭغا قاپقا ئۇن بېسىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئۈيۈشۈر ‹uyushur› ـ ئۈيۈشماق ‹uyushmaq› ).» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 354 ـ بەت) قاتارلىقلاردا، «ئۈي» ۋە «ئۈيۈ» سۆز تومۇرى ئارقىلىق تۈرلەنگەن پېئىل خاراكتېرلىك سۆزلەملەر ئۇچراپ، «چىگداش، چىگدىماق» مەنىسىدە كەلگەن. «چىگداش، چىگدىماق»نى قاچىلىماق، ئۈيۈتتۇرماق، يىغماق دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنى تاغارغا قاچىلىغاندا چىگدىلىدۇ (ئۈيۈيدۇ)؛ چېچىلغان بۇغداينى تاغارغا قاچىلىغاندا، بۇغداي تاغارغا

توپلىنىدۇ (ئۇيۇشىدۇ). «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن مەلۇمكى، «ئۇي»دىن «ئۇيماق» (يىغىلماق، بىرلەشمەك)نى تۈرلەشكە، «ئۇيۇ»دىن «ئۇيۇشماق» نى تۈرلەشكە، ھەم ئۇنىڭدىن ۋاستىلىق ھالدا ‹ئىتتىپاقلاشماق، بىرلىكسەپ تۈزمەك› دېگەن سىياسى ئاتالغۇنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە ئىتىۋارغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «ئۇي» بىلەن «قور»نىڭ مۇناسىۋىتىدە، «ئۇي» تۈردەش ئۇقۇم، «قور» خاس ئۇقۇم.شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا «ئۇي»نى «قور» دەپ چۈشۈنۈشكىمۇ، «قور»نى «ئۇي» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

يۇقارقى ئابزاستىكى چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن، «ئۈچ قورىقان»نىڭ بىرى بولغان «ئۇيسۇن» (uysun) نامىغا چۈشەنچە بېرىپ باقايلى: «تۈركى تىللار دىۋانى»غا ئاساسلانغاندا، «ئۇيسۇن» (uysun)نى «ئۇي» (uy) ۋە «سۇن» (sun)دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ئۇي» - ئۇيۇتقۇچى، ئۇيۇتما (چىڭىدالغان) ۋە ئۇيماق مەنىسىدە كەلگەن. «سۇن- نوچا ئالتۇن» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 189 - بەت). «ئۇي» بىلەن «سۇن»نى بىرلەشتۈرگەندە، «ئۇيسۇن» (uysun)- ئالتۇن ئۇيۇتمىسى دېگەنلىك. دېمىسمۇ، ئالتۇننى يىققاندا، توپلىغاندا ۋە «چىڭىدىغان»دا پارچە-پارچە ئالتۇندىن نوكچا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن «ئۇيسۇن»نىڭ ئالتۇن ئۇيۇتمىسى دېگەن بىۋاستە ئاددى يەشمىسىنى، خۇددى «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاندەك سىياسى ئۇقۇمغا ئېگە قىلىدىغان بولساق: «ئۇيسۇن»-ئالتۇن قەۋملىرى ئىتتىپاقى، ئالتۇن قەۋملىرى بىرلىكسەپى دېگەن ئېتىخارلىق نامنى ئاشكارلايدۇ. بۇ مەنزىل

(http://baike.baidu.com/view/1060025.htm)دىكى

«uysun(团结, 联合 = uy+sun)» دېگەن ھۆكۈم، قاراشلىرىمىزغا قىسمەن بولسىمۇ دەلىل بېغىشلايدۇ. بىز بۇ پۈرسەتتە «ئوغۇزنامە»دىكى «... ئۇل تەرەپتە ئالتۇن خاقان دېگەن بىر خاقان بار ئېدى.» دېگەن باياندىن «ئۇيسۇن»لارنىڭ قەدىمدە «ئالتۇنلار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، «ئۇيسۇن»لارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدات ئاتىسىنىڭ «ئالتۇن خاقان» ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىز، «ئۇيسۇن» ئاتالغۇسىنى ھەل قىلىشتىكى يۇقۇرقى ئۇسۇل بويىچە، «ئۇيغۇر» (uyghur) نامىنى يېشىشكە تەرەددۇتلانساق: «ئۇيغۇر» (uyghur)- «ئۇي» (uy) ۋە «غۇر» (ghur)دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزگە بۆلۈنىدۇ. بىز «ئۇيغۇر نامىنىڭ ماددى ئىسپاتى ‹قور› ھەيكىلى تېپىلدى» دېگەن باش تېمىدىكى يادرولۇق ئۇقۇم «قۇر»نى «ئۇيغۇر»دىكى «غۇر»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلى تىل يىلتىزى «ئۇيقور» (uyqor)غا ئېرىشىمىز. «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ «قور-كۆنەلگە» ئۇچۇرىغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر نامىنىڭ ئىپتىدائىي تىل يەشمىسىگە قارايدىغان بولساق: «ئۇيقور(uyqor)- كۆنەلگە ئۇيۇتقىسى» مەناسىنى بېرىدۇ. ئەمەدىلىكتە، «ئۇي» بىلەن «قۇر» بىرلەشكەندە، «ئۇي»-ئۇيۇغۇچى تەزىردە كەلمەي، ئۇيۇتقۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ. سەۋەبى، «قۇر-كۆنەلگە» سۆزنى قىتىققا ئايلاندۇرغۇچى ئۇيۇتقا (ئويۇتقۇچى) بولۇپ، ھەرگىز ئۇيۇغۇچى ئەمەس. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ھەمنەپەس قىلىش مەقسىدىدە: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېگەن خىتابى قانداقتۇ، ئىتتىپاقلاشقۇچى، ئۇيۇشقۇچى تەرىزدە كەلمەي، ئەكسىچە ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى-«قور-كۆنەلگە» ماھايىتىدە كەلگەنلىكى مۇقەررەر.

ئۇنداقتا، يۇقۇرقى چۈشەنچىمىز بويىچە، تارىخى ئاتالغۇ- «ئۈچ قورىقان»دىكى «ئوغۇزلار ئىتتىپاقى»نىڭ تىل يىلتىز قانداق ئىپادىلەنگەن؟ مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىزنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى بىزگە يەتكۈزگەن «خۇزخۇر» (xuzxur) ئاتالغۇسى دەل ئوغۇزلار ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخى مەنبەلەردە «ئوغۇز» (oguz ~oghuz) ئاتالغۇسىنىڭ قىسقارتىلىپ «خۇز~ غۇز» (xuz~ ghuz) دەپ ئاتالغانلىقى ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايان. دېمەك، «خۇز» (xuz) بىلەن «قۇر»(qor)نىڭ بىرلىشىشى «خۇزخۇر» (xuzxur)نى ھاسىل قىلىپ، «خۇزخۇر»- ئوغۇز كۆنەلگىسى، ئوغۇزلار ئىتتىپاقى، ئوغۇزلار بىرلىكىسىپى دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىزنىڭ «خۇز»نىڭ «ئۇي»غا ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدە توختىلىشى، ئۇنىڭ زايا كەتكەن ئەمگىكى بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ «خۇزخۇر» نامىنى ساقلاپ قالغانلىقى يەنىلا بىباھا قىممەتكە ئىگە.

«ئۇيغۇر» نامىنىڭ «ئۇيۇتقۇچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى، ئىتتاقلاشتۇرغۇچى، بىرلىكسەپ تۈزگۈچى» مەنا بېرىدىغانلىقىنى، ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈرىشىگە ئاتلىنىشتىن ئاۋال ئەتراپىتىكى خوشنا قېرىنداش قەۋملەرگە يوللىغان مەكتۇبىدىكى «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولىمەن» دېگەن سۆزنىڭ سىياسى مۇددائاسى ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. بۇ يەكۈنىمىز، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ: «ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ‹يېپىشقۇر› (يېپىشماق) دېگەن مەنىسى بار؛ ‹سۈت ئۇيىدى› دېيىلىدۇ. سۈت يېڭى ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ تەركىپلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن بولسا چېچىلماستىن بىرىكىپ تۇرىدۇ (قېتىق ھالەتكە كېلىپ، يېپىشىدۇ). ئۇلار يەنە ‹ئىماملغا ئۇيىدۇم› دەيدۇ، يەنى ئىمام ئولتۇرغاندا ئولتۇرىدۇ، تۇرغاندا تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىماملغا يېپىشقىنى» دېگەن سۆزى بىلەن پۈتۈنلەي زىيچلاشقان. ئەمدى، «ئۇيسۇن» نامى بىلەن «خوزخۇر» نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

«بۇ دۆلەتتە ئالى ھوقۇق ئوغۇزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئالتۇندىن بىر چېدىر تىكىپتۇ ۋە ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە پۈتۈن ئۇرۇق-تۇققان، قان-قېرىنداش ۋە سانغۇنلىرىنى چاقىرىپ، نەۋكەرلىرىنى تارتۇقلاپتۇ. ئۇزىگە بويسۇنغان موبىسپىتلار ۋە قوللىغۇچىلارنى «ئۇيغۇر دەپ ئاتاپتۇ» («جامىئۇل تەۋارىخ»، «تۈرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 89 ـ بەت). راشىدىن پەزلۇللا ئەلخامادانىينىڭ بۇ بايانى، ئەمەلىيەتتە «ئۇيسۇن» نامىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئائىت ماتېريال بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۇيغۇر نامىنىڭ قويۇلىشىغا ئائىت ماتېيال ئەمەس. ئۇيغۇر نامى ئوغۇزخاننىڭ «مەكتۇبى»دا ئالابۇرۇن قويۇلۇپ بولغان. راشىدىن پەزلۇللا ئەلخامادانىينىڭ «ئالى ھوقۇق ئوغۇزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئالتۇندىن بىر چېدىر تىكىپتۇ» دېگەن سۆز بىلەن «ئوغۇزنامە»دىكى «ئوغۇزخان چوڭ چېدىردا...» دېگەن بايانغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، «ئۇيسۇن-ئالتۇن ئۇيۇتمىسى، ئالتۇن قەۋملىرى بىرلىكسېپى» دېگەن ئىزاھاتىمىزدىكى «ئالتۇن» ئۇقۇمى، «دىۋان»دىكى «سۇن-نوكچا ئالتۇن»، «ئالتۇن چېدىر» ۋە قىرىق غۇلاچ خادا ئۇستىدىكى «ئالتۇن توخا» قاتارلىقلار بىر-بىرىنى ئۆز-ئارا تولۇقلاش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، بۇ «ئۇيسۇن»لارنىڭ ئوغۇزخان ئاچقان ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇلتايدا ئۇنىڭ چوڭ

چېدىرى ئەتراپىغا ئۈيۈشۈپ «ئۇيسۇن» نامىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى بىشارەتلەيدۇ.

«خۇزخۇر» نامى ئوغۇزلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇقۇم بىر تەرەپتىن، ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇزخاننىڭ ئالتە پەرزەنتىنىڭ ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى «... كۈن، ئاي، يۇلتۇز نۇرغۇن ھايۋان، قۇشلارنى ئۇۋلىدى، ھەمدە يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى، شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەمدە ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى: ‹ھەي ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككە ئېتىڭلار› . يەنە شۇندىن كېيىن ، ئاسمان، تاغ، دېڭىز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئۇۋلىدى، يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇز خاقان شادلاندى ھەمدە ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى: ‹ھەي ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بوي سۇنۇڭلار› ...» («ئوغۇزنامە» ، 59 - ، 60 - بەت) دېگەن بۇ باياندىكى، ئوغۇزخان شاھزادىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ سەلتەنەت سۈرۈشىگە ماسلاشقان «خۇزخۇر»؛ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى يەنە شۇ ئوقياغا مۇناسىۋەتلىك «تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار... ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند› ... دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ.» دېگەن بۇ باياندا، ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىتتىپاقى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىغا تەڭداش ئۇقۇم «خۇزخۇر» گەۋدىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى «خۇزخۇر» تۈنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىش بولماستىن، بەلكى ئوغۇزخاننىڭ بارلىق ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقى ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئاتىغان «خۇزخۇر»نىڭ ئىسكەندەرنىڭ قايىلچۇنلىقىنى قوزغاپ، ئىككىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنىشى خالاس.

بىز ئۇيغۇر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، تارىختىكى «ئۈچ قورىقان»- روران (ئۇيغۇر)، ئوغۇز (خۇزخور) ۋە ئۇيسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆزۈتۈپ،

مىللىيەت قىزغىنلىقىدا ئەمەس بەلكى، تارىخى قان- قېرىنداشلىقنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا، ئوغۇز ۋە ئۇيسۇنلارغا خاس ئۇچۇرلارنى پەرىق ئېتىشكىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارىشىمىز كېرەك.

ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دىگەن كىتاۋىدا «قورىقان» ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بىرىدۇ: «دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخى ھۆججەتلىرىدە، خۇاشىيا قەبىلىلىرى ياشايدىغان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ غەربى ۋە غەربى شىمالى قىسمى، بولۇپمۇ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى يۈيمىنگۈەن (قاشتاش قوۋۇقى)نىڭ غەربىدىكى رايۇنلار، ئومۇمەن «西城» (غەربى يۇرت) دەپ ئاتالغان. تۈركىي تىلىدا يېزىلغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا بولسا، بۇ رايۇن «قورىغار» (غەرپ تەرەپ) دەپ ئاتالغان. «قورىغار» دىگەن سۆز جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ تار ۋە كەڭ ئىككى خىل مىنىگە ئىگە. تار مەنىدىن ئېيتقاندا «قورىغار» رايونى پەقەت تەڭرى تاغ، كوئېنلۇن ۋە قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ ئارىلىقى يەنى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىگە، سىياسى، ھەربى تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىش ئەھۋالىغا ۋە سودا ئالاقىلىرىگە ئاساسەن ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى (جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى)؛ تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسيا رايونى)؛ پامىر، كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىران، يېقىن شەرق (ئەرەپ دۆلەتلىرى)؛ غەربىي ئاسىيادىكى كاپكاز تاغلىرى، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلار؛ جەنۇبىدا بولسا ھازىرقى پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قازما ماتىرىياللار ۋە يازما تارىخى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «قورىغار» رايونى دۆلىتىمىزدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ياشىغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى قەدىمكى كونا تاش قۇرال دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. يۇقۇردا بايان قىلىنغان ئاتۇش ئادەمى بولسا، ئەنە شۇ «قورىغار» تاش قۇرال دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخى ماتىرىياللىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەردە، «قورىغار» رايونىدىكى ئەڭ قەدىمكى قەبىلىلەر خۇاشىيا قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى دەپ

ھېساپلانغان خۇاگـدى ۋە كېيىنكـى شـىيا، شـاڭ، جـۇۋ سـۇلالىلىرى بـىلـەن خېلـى قويـۇق مۇناسـىۋەتلەردە بولغـانلىقى بايـان قىلىنـىـدۇ...» (169 ـ ، 170 ـ بەتـلـەر). بـۇ ماتىرىيالـدىكى «قورىغـار» (قورىقـان)نـىـڭ ئـۆز ئىچـىـگە ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمى ـ ئوغۇز، رووران (ئۇيغۇر) ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسـى ئىچـىـدىكى بـارلىق زىمـىـن ـ تېرىتورىيىسـىنى كۆرسەتسە؛ «ئـۈچ قورىقـان» دەل ئەشـۇ زىمىننـىـڭ خوجـىـدارلىرى ئوغـۇز (خۇزخـور)، ئۇيغۇر ۋە ئۇيسۇنلارنى كۆرسىتەتتى. «قورىغـار» ۋە «ئـۈچ قورىقـان»دىـن ئىبارەت ئىككى ئاتالغۇ ئىچىدىكى ئاچقۇچلۇق بوغۇم «قور» بولـۇپ، ھەتتـا ئوغـۇز (خۇزخـور)، ئۇيغـۇر ۋە ئۇيسـۇندىن ئىبـارەت ئـۈچ ئاتالغۇنـىـڭ ھەربىرىـدىمۇ «قـور» (xor) بوغـۇمى مەۋجـۇت. گەرچە ئۇيسـۇندا «قـور» بوغـۇمى بولمىسـىمۇ، بىـز يۇقـۇردا ئوتتۇرغـا قويغـان («ئـۇي» بـىلـەن «قـور»نـىـڭ مۇناسـىۋىتىدە، «ئـۇي» تـۇردەش ئۇقـۇم، «قـور» خـاس ئۇقـۇم.شـۇڭا بەزى ۋاقىـتلاردا «ئـۇي»نـى «قـور» دەپ چۈشىنىشـكىمۇ، «قـور»نـى «ئـۇي» دەپ چۈشىنىشـكىمۇ بولـىدۇ) چۈشـەنچىگە ئاساسـەن، «قور» ۋاستىلىق ھالدا «ئۇيسۇن»دىكى «ئۇي»دا ئىپادىلەنگەن.

ئەنـۇەر بايتۇرنـىـڭ: «تـار مەنـىـدىن ئېيتقانـدا «قورىغـار» (ئـۈچ قورىقان) رايونى پەقەت تەڭرى تـاغ، كۇئىنلۇن ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىـڭ ئارىلىقى يەنى ھازىرقى تـارىم ئويمـانلىقىنى ئـۆز ئىچـىـگە ئالـىدۇ.» دېـگەن سۆزىگە ئاساسلانغاندا، تار مەنىدىكى «قورىغار» (ئۈچ قورىقـان) «تـارىخى خاتىرىلەر» (407 ـ بەت)دىكى «رووران»نى ۋە «رووران»دىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدا «قور» (xor) نامىدا ئۈچ توپونومىيىلىك زور ئاتالغۇ تا ھازىرغىچە ساقلانغان. بۇ ئـۈچ ئاتالغۇنـىـڭ بىرىنـى غالىـپ بـارات ئەرك: «مىرەن كونا شـەھىرى خارابىسـىدىن تېپىلغـان تۇبـۇت يېزىقـىـدىكى يازمىلاردا بۇ جايدا يەرلىك ئاھالە (خور (xor) لارنىڭ بارلىقى خـاتىرىلەنگەن . ئالىملار تۇبۇتچە يازمىلادىكى (خـور (xor لارنـىـڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان . يازما پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا كرووران ۋە كورلىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى غۇز ~ خور(胡)لاردۇر. ئومۇمەن ئالغاندا ‹كورلا› 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەردۇر. ئۇنىڭ نامى 2000 يىلدىن بۇيـان تۇرلـۇك فونىتىكىلـىق ئۆزگىرىشـلەر ئـارقىلىق دەۋرىمىـزگە يېتىـپ كېلىـپ ‹كورلا› دېگەن تەلەپپۇز سـاقلىنىپ قالغـان.» دېـگەن خۇشـخەۋەر بـىلـەن كـورلا نامىنـىـڭ تـىـل يىلتـىـزى بولغـان «قـور» ئاساسـىنى تېپىـپ چىقتـى.

گەرچە، قەشقەر تارىختا ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇ پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربى مۇناسىۋىتىدە، ئۇيغۇر نامىدىكى «قور»غا تەققاسلاپ قويۇلغان ئىپتىخارلىق نام. پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىگە «كەشمىر» شەرقىگە «قەشقەر» جايلاشقان بولۇپ، بىرى بۇ تاغنىڭ غەربى قىيشى (يانباغرى)غا، يەنە بىرى شەرقى قىيشى (يانباغرى)غا جايلاشقان بولغاچقا، بىرى «كەشمىر» (كاشمۇر)، يەنە بىرى «قەشقەر» (كاشقور) دەپ ئاتالغان. «قاش- قىرغاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىيشى، قىرغىقى. يار قاشى-يار قىيشى، يارنىڭ قىرغىقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 208-بەت). ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «ق» بىلەن «ك»نىڭ ئالمىشىشچانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. «مۇرچ-قارامۇچ (مۇر- قارا)» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-قىسىم، 447- بەت). ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەر- جاي نامىنى قويۇش ئەنئەنىسىدە ئىككى ئورۇننىڭ كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تەرەپكە جايلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ؛ كۈن چىقىش تەرەپتىكىنى «ئاق»، كۈن پېتىش تەرەپتىكىنى «قارا» نام بىلەن قوشۇپ ئاتاش ئادىتى بار. مەسىلەن، يۈرۈڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى. مانا بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت، «قەشقەر» بىلەن «كەشمىر»نىڭ جايلىشىش تەرەپ مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئېتىپ، تارىختا بىرى «كاشمۇر»، يەنە بىرى «كاشقور» دەپ ئاتالغان. قەشقەر (كاشقور)دىكى «قور» بىز ئالغا سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر نامىدىكى «قور» بولۇپ، «قور- كۆنەلگە» ھەم ئۇيۇتقۇچى ھەم ئاق رەڭدە بولغاچقا، «قور» (ئاق) بىلەن «مۇر» (قارا) سېلىشتۇرمىسى بىلەن مەزكۇر ئىككى يۇرتقا نام بېرىلگەن. ھازىرمۇ قەشقەرنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىدە «ئاققاش» دېگەن بىر يۇرت نامى بار. بۇ يۇرت قەدىمكى «سۇلى» شەھرىنىڭ ئورنىغا جايلاشقان. تارىمنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان خوتەن نامىنىڭ تىل يىلتىزىمۇ «قورتەن» بولۇش ئېھتىمالىغا ئىنتايىن يېقىن. بۇ مۇمكىنلىك بىلەن قارىغاندا «قورتەن- ئۇيغۇر نەسلى» دېگەن مەنانى ئاشكارىلايدۇ. بىز يۇقۇردا «قور» نامىغا يېقىن كېلىدىغان 30 ئاتالغۇنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە، كورلا، قەشقەر ۋە خوتەن بىلەن قوشۇلۇپ بۇ ئاتالغۇ 33 كە يەتتى...

«ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»دە «ئىلگېرۇ (ilgeru)-شەرق»، «بىرگېرۇ (birgeru)-جەنۇپ»، «يىرگارۇ (yirgaru)-شىمال» دېگەن سۆزلەمدىن

باشــقا، «قۇرىگـــارۇ (qurigaru) ـ غەرپ» ، «قۇريــا (qurya)» (غەرپ تەرەپ)، «قۇردىن (qurdin)» (غەرپتىن) دېگەن سۆزلەملەر يەنىلا ئۇيغۇر ۋە ئوغۇزلارنىڭ تىل يىلتىزى «خۇزخۇر»دىكى «قور»نى ئاساسى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئوغۇزلار جايلاشقان تەرەپ دىگەن مەنالارنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، «qorgan (قورغان)» ، « qorg(قەلئە)» ۋە « qorigu (قەلئە قاراۋۇلى)» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدىكى دەسلەپكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ «قور ـ كۆنەلگە»دەك ئويۇشۇشچانلىقىدەك، قەۋم ۋە مىللەت بىرلىكىنىڭ ئاساسى ـ ئائىلە بىرلىگى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ھەتتا، بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ كوللىپتىپ ئۇسۇل ۋە كوللىكتىپ ناخشا ئېيتىشنى «خور» (قور) ئورۇنلاش دەپ ئېيتىمىز. بۇ، نۇرغۇنلىغان كىشلەر توپىنىڭ ئويۇشۇپ، بىرلىشىپ سۆز ۋە ھەركەت بىرلىكىنى پەيدا قىلىشتىكى «خور» بولسا كېرەك. بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىنى شۇكى، 11 ـ رەسىمدىكى قىيا سىزمىلىرىدىكى «خور» (قور) ئورۇنلاش پائالىيىتىدۇر.

11 ـ رەسىم قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاش قىيا سىزمىلىرىدىكى خور ئورۇنلاش پائالىيىتى




تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ «قور» نامى ئەكس ئەتكەن شېئىرلىرىغا قاراپ باقايلى:

چىگرا ناخشىسى (ۋاڭ چاڭلىڭ)

(تاكى خەن، چىن دەۋرىدىن قورۇلغان نۇر سەپتى قەمەر، «秦时明月汉时关，»

(يانمىدى چىگرا تامان كەتكەنلىمۇ بىرىپ خەۋەر.) «万里长征人未还。»

(ھەددى يوق خور ئېتىنىڭ ئۆتمەككە يىنشەندىن قەدەم،) «但使龙城飞将在，»

(بولسىلا لى گۇاڭ كەبى سەركەردىمىز بىزدە ئەگەر.) «不教胡马度阴山。»

چېگراغا ھال سوراپ بارغاندا (ۋاڭ ۋېي)

(ھارۋىدا جۈييەننى يول ئۆتەڭ قىلىپ،) «单车欲问边，»

(ئەلچى بوپ چېگراغا ماڭدىم ھال سوراپ.) «属国过居延。»

(بارىمەن تۇرنا، بىسىلغاقتەك ئۇچۇپ،) «征蓬出汉塞，»

(خەن يېرىدىن خور دىيارىغا ئۇزاپ.) «归雁入胡天。»

يېقىنقى زامان جۇڭگو، چەتئەل تارىخچىلىرى ۋە تىلشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇر نامىنىڭ جۇڭگو تارىخى مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىنى مۇنداق تۈگەللىدى: «يۈەنخې (袁纥)»، «ۋېيخې (韦纥)»، «خۇيخې (回纥)»، «خۇيخۇ (回鹘)»، «خۇگۇ (护骨)»، «ۋۇگۇ (乌护)» ۋە «ۋۇخې (乌纥)» قاتارلىقلار. بىز يۇقارقى قارىشىمىز بويىچە «خۇخۇر» ئوغۇزلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغىنىمىزدا، ئىككى ئاتالغۇ (回纥، 回鹘) «خۇزخۇر» نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ترانسپكسىيىسى بولۇشى مۇمكىن. ھەرھالدا يەتتە ئاتالغۇنىڭ ئىچىدىكى بەش ئاتالغۇنىڭ «قور» نامىنى كۆرسىتىشچانلىقى يۇقۇرى. لېكىن، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر نامىنى كۆرسىتىدىغان، «گۇيگۇ (瑰古)»، «ۋۇگې (乌鸽)»، «خۇي خېئېر (辉和尔)»،

«خـۇيخې (辉和)» ، «ۋېيـۋۇ (畏吾)»، «ۋېيـۋۇ (伟兀)» «ۋېـي ۋۇئـېر(畏吾而)» «خـۇي جيـاڭ (回疆)» «خـۇي بـۇ (回部)» ، «چەنخـۇي (缠回)» «خۇيخـۇي (回回)» قاتـارلىق ئاتالغۇلارنـىڭ يـىراق تـارىختىكى «قـور» نـامىنى ئەكـس ئەتتۈرىشـى بارغانسـىرى غۇۋالاشـتى. ئەگەر بـىز، ئىلگىركـىدەك ئوغـۇز، ئۇيغـۇر ۋە ئۇيسـۇن نامىنـىڭ تولـۇق ئاتىلىشـىنى خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردىن ئىزدەيدىغان بولساق، بۇ، مەسىلگە ناھايىتى ئاددى قارىغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردە، ئۇيغۇردىكى «قور» بىلەن ئوغۇزدىكى «غۇز»، ئۇيغۇردىكى «ئۇي» بىلەن ئۇيسۇندىكى «ئۇي»نىڭ خەنزۇ تىلى ترانسپكسىيسىدىكى ئوخشاشلىق، بۇ ئۈچ ئاتالغۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تـارىخى دەۋرلەردە ھەرخـىل تەرىـزدە ئاتىلىشـىنى ئايرىۋاشلاشـتا، بـىزگە يىتەرلـىك قىيىنچىلـىق پەيـدا قىلىـدۇ. لـېكىن، ئوغـۇز، ئۇيغـۇر ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ تـارىخى يىلتىزداشلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقانـدا بـۇ ھېچقانچە گەۋدىلىـك مەسـىلە ئەمەس. ئەجـداتلىرىمىز بـۇ ئـۈچ چـوڭ قەبىلىـلەر ئىتتىپاقىنى «ئـۈچ قورىقـان- قـور نـاملىق ئـۈچ قېرىنـداش» دەپ ئاتىغان ئىكەن، بىزمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئاتاشنىڭ تارىخى ھوزۇرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشـىمىز ئەجـدات روھىغـا مۇخالىـپ بولمىسـا كېـرەك. «تـارىخى خـاتىرىلەر»دىكـى يەر-جـاي نـامى ۋە تـارىخى شەخسـلەر ئىسـىملىرىنىڭ ئىچىدىكى «قور»نىڭ ترانسپكسىيىسى بويىچە ئېلىنغان خەنزۇچە خەتلەر: «كـۇي (愧)»، «كـۇ (喾)»، «گـۇي (鬼)»، «خـۇ (胡)»، «خـۇۋ (后)»، «گاۋ (高)»، «خۇن (浑)»، «گۇڭ (共)»، «گۇڭ (工)»، «گۇن (鲧)»، «خۇي (会)»، «خۇ (壶)»، «گوۋ (钩)»، «خۇ (户)»، «گـۇ (觚)»، «كـۇن (昆)»، «خـې (赫)»،«خـوۋ (侯)»، «گـۇڭ (公)»، «گاۋ (镐)»، «خې (河)»، «خۇ (湖)»، «كوڭ (孔)»، «گـې (葛)»، «گۇي (邽)»، «گـۇي (归)»، «خـۇي (回)»، «گـۇي (桂)»، «كـۇەي (哙)»، «گـۇەن (灌)»، «گـوۋ (勾)»، «خـۇ (狐)»، «خـۇي (惠)»، «گۇ (谷)»، «گۇ (孤)»، «خـې (貉)»، «خـې (纥)»،«گـۇ (骨)» ۋە «گۇ (鹘)» قاتارلىقلار بولىشى مۇمكىن. بۇنداق يېكىنچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىشـىمىزنىڭ ئاساسـى سـەۋەبى، ئوتتـۇرا تـۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسـى سۇلالىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە باشقا مىللەت كىشىلىرى بولغان بولسا، ئۇلارغا يېڭى ئىسىم ھەدىيە قىلىنىپ، ھەدىيە قىلىنغان ئىسمىدا ئەمەل نامى

ۋە مىللەت ئايرىمىسى قىسقارتىلما ئىسىم قىلىناتتى. دېمەك، «قور» نامىنى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بولغان خەنزۇچە تاق سۆزلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرى، يەر- جاي نامى ۋە ھەرخىل ھۇنەر- سەنئەت ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىرىنى قېزىپ چىقىش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر نامىنى ئوغۇزخان قويغانكەن، ئوغۇزخاننى مۇئەييەن زامان ھالقىسىغا ئىگە قىلىش، ئۇيغۇر نامىنىڭ قويۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنلەشتىكى بىردىن-بىر توغرا ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن ئەبۇل غازى باھادىرخان بىلەن مۆجىزى ئوغۇزخاننىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدە توختۇلۇپ، بىرى: «ئەجداتلىرىمىز بۇ زېمىندا ياشاۋاتقىنىغا ئالتە مىڭ يىلدىن ئاشتى» («تەۋارىخى مۇسقىييۇن»، 51-بەت) دېسە؛ يەنە بىرى: «ئوغۇزخان بەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن.» دېگەن قاراشنى ئالغا سۈردى. بىرى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ ياشىغان دەۋرى مىلادى 7- ئەسىرنى بەلدەم قىلغان بولسا، يەنە بىرى، مىلادى 16- ئەسىرنى بەلدەم قىلغان. ئەگەر بىز 7- ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى تۆت مىڭ يىل دەپ قارىساق، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3400 يىل بىلەن مىلادىدىن كېيىنكى 2012 نى قوشساق 5412 يىل بولىدۇ؛ 16-ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئالتە مىڭ يىل بىلەن 16- ئەسىردىن كېيىنكى 500 يىلنى قوشساق 6500 بولۇپ قالىدۇ-دە ئىككىسىنىڭ قارىشىدا 1100 يىل پەرق شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراش ئىچىدە، ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ ئوغۇزخاننى 5412 يىل مۇقەددەم قىلىپ تەخمىنلىشى، تۈركى مىللەتلىرى تارىخىدىكى شاھلار نەسەبىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىنى تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆچىگە ئىگە قىلغان:

«شاھ مەلىكىنىڭ... باشچىلىقىدا ئىراققا كەتكەن سالۇر خەلقى كۆپ يىللار ئۇ يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇگۇرجىق ئاتلىق بىر ئېسىل يىگىت پەيدا بولدى. تۈركمەنلەرنىڭ تارىخ بىلىدىغان كىشىلىرى ئۇگۇرجىق ئالپنى ئون ئالتە ئەۋلاد ئاۋۋالقى ئوغۇزخانغا ئۇلاشتۇرۇپ شۇنداق سانايدۇكى: ئۇگۇرجىق ئالپ، ... قازان ئالپ... تاغ خان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئوغۇزخان. بۇ سۆز تامامەن يالغاندۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئوغۇز زاماندىن تا بۇ ۋاقىتقا قەدەر بەش مىڭ يىل ئۆتتى. ئۇگۇرجىق زاماندىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بەش يۈز يىل، ئالتە يۈز يىل ئۆتتى. ئوغۇز بىلەن ئۇگۇرجىقنىڭ ئارىسى تۆتمىڭ تۆت يۈز يىل. ئون ئالتە ئەۋلاد تۆت

يۈز يىلدا، ھەرقانچە بولسىمۇ تۆت يۈز ئەللىك يىلدا ئۆتۈپ بولىدۇ. خوش، ئۇگۇرجىقنىڭ قالغان تۆت مىڭ يىلدا ئۆتكەن ئاتىلىرىنىڭ ئىپتى قېنى؟ بۇ يېزىلغان ئون ئالتە كىشىنىڭ ئوغۇز ئوغۇللىرى بولغىنى توغرا ۋە ئۇگۇرجىقنىڭ ئاتىلىرى بولغىنىمۇ توغرا. ئەمما قايسى كىشى قوۋم ئىچىدە مەشھۇر بولسا شۇ كىشىنى يازغاندۇر. ئاللاھ بىلىدۇكى، بۇ يېزىلغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا ئون بەش ۋەيا يىگىرمە كىشىنىڭ ئىپتى يېزىلماي قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئىپتالايمىزكى، ئوغۇز بىلەن ئۇگۇرجىقنىڭ ئارىسىدا تۆت مىڭ تۆت يۈز يىل ئۆتكەن. ھەرمىڭ يىلدا قىرىق ئەۋلاد ياشاپ ئۆتسە، ئىككى يۈز ئەۋلات ئۆتكەن بولىدۇ. بەس، بۇمۇ يالغانچىلىق بولارمۇ؟ ... ئوغۇزخان بەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن. قازان ئالىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن ئۆتكەنىدى. ياشانغان چېغىدا مەككىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھالدا سالۇر قازان ئالتە ئەۋلادتا ئوغۇزخانغا قانداق ئۇلىشار ؟ يەنە سالۇر قازان قايى قورقۇت ئاتا بىلەن بىر زاماندا ئىدى...» («شەجەرەئى تەراكىمە»، «بۇلاق»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان، 115 ـ 116 ـ بەت).

ئەبۇل غازى باھادىرخان ئوغۇزخاننىڭ دەۋران سۈرگەن پەيتىنى ئۆزى ياشىغان دەۋر (مىلادى 17 ـ ئەسىر)دىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرى قىلىپ كۆرسىتىشىدە نىمىنى ئاساس قىلغانلىقىنى پەرىق قىلالمىغان تەتقىقاتلىچىلار، بۇ خىل ھۆكۈمنى ئاساسسىز، دەلىلى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس ـ دەپ گۇمانلاندى. نامازنى تەرك قىلمايدىغان، تەرەت ئېلىپ پاكلانغاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، يېزىقچىلىققا تۇتىنىدىغان ئەبۇل غازى باھادىرخاندەك مۆتىۋەر دۆلەت ئەربابىنىڭ «ئاللاھ بىلىدۇكى» دېگەن سۆزنىڭ قانداق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققىدىغانلىقىنى ھەرقانداق كىشى پەرەز قىلالايدۇ ـ ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىنىڭ ئاساسى ھۆلى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئېھتىمال:

بىرىنچى، ئەبۇل غازى باھادىرخان شاھ ئەۋلادى بولغاچقا، تۈركى مىللەتلىرى تارىخىدا ئۆتكەن شاھلار تارىخى، نەسەپ خاتىرىسى تەرىزدە ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئەشۇ ماتىرىيالنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى، ئەبۇل غازى باھادىرخان، ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن يىللار

ھىساۋىنى ئاساس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «شاھنامە»نىڭ مۇقەددىمە ئىلاۋىسى ئۈچۈن يېزىلغان («شاھنامە»نىڭ تېماتىكىسى ۋە تۈزۈلۈشى)دە، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ: « ‹شاھنامە› چوڭ ھەجىملىك داستانلار تۈركۈمى بولۇپ... مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223- يىلىدىن مىلادىنىڭ 651- يىلىغىچە... بولغان 3874 يىللىق رىۋايەت ۋە ھېكايەت سۆزلەنگەن.» («شاھنامە»، 3- بەت) دېگەن سۆزىدىكى، «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223 يىل» بىلەن ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ ۋاستىلىق ھالدا، ئوغۇزخان مىلادىدىن 3400 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن دېگەن سانلىق مەلۇمات 177 يىل پەرىق بىلەن، ئىككىلا شەخسنىڭ يىل ھىساۋى ئاساسەن بىردەك. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يات قەۋم ۋە يات ئەلدىن «سىندۇ»، «تاڭغۇت» ۋە «شاغام» تەرەپلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. بۇ يەردىكى «شاغام» غەرپ تەرەپتىكى ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئامۇ دەرياسىنى، ياكى ئامۇ دەرياسىغا 500 كىلومېتىر كەلمەيدىغان ئىراننىڭ شەرقى چېگراسىغا تۇتاش «ئاشغابات»نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئوغۇزخان ئىران زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىت، ئىراننىڭ تۇنجى پادىشاسى «كەيۇمەرس» سەلتەنەتى بولۇپ، ئۇرۇشتا «كەيۇمەرس»نىڭ شاھزادىسى سىيامەك ھالاك بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئىرانلىقلارنىڭ ئوغۇزلارغا قويغان ھاقارەتلىك نامى «ئەھرىمەن دىۋە» بولۇپ، «شاھنامە»دىكى تۆۋەندىكى بايانلار بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ:

قاتا- قاتار يىللار ئۆتەر باشلىدى،
شەھريار دۆلتى گۈللەپ ياشنىدى.
دۇنيادا يوق ئىدى ئاڭا بىر دۇشمەن،
ئامما پىنھان ئىدى دىۋە ئەھرىمەن.
ئەھرىمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت،
يامانلىققا ئاستا كۆتىرەتتى قەد.
بۆرە باللىسىدەك ئوغلى بار ئىدى،
ۋەھشىيلىك يىرتقۇچلۇق ئاڭا يار ئىدى.
شاھزادىگە چاڭگال سالدى ئەھرەمەن،
مىجىلدى، ئېزىلدى كۈلدەك بۇ بەدەن.
(«شاھنامە»، 2-، 3- بەتلەر)

ياماnlىقتا ماگدى پەرزەنتى ئۇنىڭ،
نومۇسنى ئۇنتىدى ۋارىسى ئۇنىڭ.
ئاتىسى قىينىغا بولغاندى يۈزى،
ئەسكە چۈشتى دانا قىرىنىڭ سۆزى:
«پەرزەنت بولسا ھەكمى شىر كەبى گۈشنا،
ئاتىسى قىينىغا بولمىغاي تەشنا.
ئەگەر باشقىچىرەك بولۇپ چىقسا ئىش،
سىرنى ئانىسىدىن كىرەكتۇر بىلىش.»

(«شاھنامە»، 12 ـ بەت)

پەرزەنتسىزلىكتىن كۆپ ئازاپ چېكىپ سام،
دەرت چېكىپ، دىلىغا ئىزدەيتتى ئارام.
بىر بوۋاق تۇغۇلدى ئاخىر ئانىدىن،
قوياشتەك نۇر چاچار ياتقان جايىدىن.
ھۆسنىدە، چىرايىدا ئالەمدە بىر تاق،
ئەمما ئەيىبى بار، چاچلىرى ئاپپاق.
«جۈپتى ھالالىگىدىن تۇغۇلدى» دەپ چال،
سامغا ئېيتىشقا يوق ھېچكىمدە ماجال.
غۇلىچىنى ئاسمانغا يېيىپ سام پېقىر،
ياراتقانغا نىدا ئەيلەپ قىلدى پىكىر:
«ئەگەر قىلغان بولسام مەن ئېغىر گۇناھ،
دىۋىلەرگە ئەگەشكەن بولسام گەر، گۇناھ.
بۇ شەرمەندىلىكتىن سىقىلدى جېنىم،
نومۇستىن تومۇردا قاينايدۇ قېنىم.
بۇ بالا مىسالى كىچىك ئەھرىمەن،
كۆزلىرى قارايۇ چېچى ياسمەن...»
ياتار پالۋان زاتى، بىگۇناھ گۆدەك،
ئاگا ئاقمۇ بىردەك، قارىمۇ بىردەك.
مېھرىسىز ئاتىسى تاشلاپ قىلدى خار،
ئەمما ئەزىزلىدى پاك پەرۋەردىگار.

(«شاھنامە» ، 32ـ ، 33ـ بەتلەر)

«شاھنامە» داستانىدىكى بۇ پارچىلار ئوغۇزلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223ـ يىللاردا ئىرانلارغا تۇنجى قېتىم تەسىر كۆرسىتىش جەريانى بولىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، ئەبۇل غازى باھادىرخان «ئوغۇزنامە»دىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى، بولۇپمۇ ئۇرۇش قۇراللىرى ھەققىدىكى تەسۋىر ئارقىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئۆزىدىن ياشىغان دەۋردىن 4900 يىل ئىلگىرىكى باسقۇچىنى كۆرۈپ يېتەلىگەنلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

تۈركى خەلقلىرىنىڭ بۈنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن تارىخنامىللىرى بىلەن مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن شەكىللىنىشكە باشلىغان تارىخى داستانلاردا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتكەن؛ تارىخنامىلەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئىنسانىنىڭ يارىلىشىغا ئائىت تەپسىلاتلار بېرىلگەندىن سىرت، ئىنسان ئېپتىداسىدىكى مۇئەييەن قەبىلە ۋە مىللەت يىلتىزىنى، ياراتقۇچىنىڭ ئەلچىلىرى (پەيغەمبەرلىرى)گە باغلىغان بولسا؛ تارىخى داستانلاردا ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن ھالقىسى يورۇتىلغان. تارىخى داستانلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە ئىنسانىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى تىل شەكىللەنگەندىن كېيىنلا باشلانغانلىقىنى، شۇنداقلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنامىلەردىن تولىمۇ مۇقەددەملىكى ۋە چىنلىقىنى ئىپادا قىلىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئومۇمى مەزمۇنىدا ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى قىلچە تىلغا ئېلىنماي، ئەكسىچە، ئوغۇزخاننىڭ ئانىسى بولغان «ئايخان» دېگەن ئىسمىغا «ئاي» بىلەن «خان» (پادىشاھ) نامى قوشۇلۇپ، ئايال زاتىنىڭ پادىشا بولغانلىقىدەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«... بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى... بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ ئەممىدى.»

دېگەن بايان ئارقىلىق «ئوغۇزخان» ئانا ئۇرۇقى جامائەسىگە ئىسيانكارلىق يولىنى تۇتقان. تارىختىن رىياللىققىچە، جانلىقلار دۇنياسىدىن ئاڭلىق ئىنسانلارغىچە، ئانىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، بىر قېتىم ئېمىپلا قايتا ئېمىشنى رەت قىلىپ، ئانىغا ۋاپاسىزلىق ۋە تۇزكورلۇق قىلغان ئوغۇلنى پەقەت ۋەپەقەت «ئوغۇزنامە»دىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇ، رىيال تۇرمۇشتا كۆرۈلۈشى مۇتلەق مومكىن بولمايدىغان، بولۇپمۇ، ئەمدىلا تۇغۇلغان ئاڭسىز بوۋاقلاردا تېخىمۇ كۆرۈلمەيدىغان ھادىسە. بۇ بايان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئاتا ئۇرۇقى جامائە ھوكۇمرانلىقىغا ئۆتۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى يوق. بۇ مۇناسىۋەتتە، ئەجدادلىرىمىزنى «ئوغۇزنامە» داستانىدا، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە يۈسەك پەللە ياراتقان تىل ئۇستىللىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى بىرلا قېتىم ئېمىپ، قايتا ئېمىشنى رەت قىلغان ئوغۇلغا «ئوغۇز» دەپ ئىسىم قويۇش بولسا كېرەك. بۇ، ئوغۇل ئانا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىنى كەسكىن رەت قىلىسمۇ، ماھىيەتتە، گىن، ئىرسىيەت ۋە ئۇدۇم ئۇلاش قىممىتىدە، ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، «ئوغۇز» تېخىمۇ ئۇلۇقلانغان ھالدا، «ئوغۇزخان»دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى: «... كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران... ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرى چىقتى... ئوغۇز خاقان ئەركەك بۆرىنىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا يول باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ شاتلاندى...» قاتارلىق بايانلاردىكى بۆرە تۇتېمى ئارقىلىق «ئوغۇزخان»، ئانا ئۇرۇقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى «... ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى؛ ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق<بۇ قۇرنىڭ ئاستىغا بىر كالىنىڭ رەسىمى سىزىلغان> شۇندىن كېيىن شاتلىققا مۇيەسسەر بولدى...» دېگەن- رايىش، يۇۋاش ئوتخور ھايۋان كالىنىڭ سىياقىدىن ھالقىپ، گۆشخور، يىرتقۇچ بۆرە سىياقىغا كىرگەنلىكىدە. دېمىسىمۇ، ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تىنچلىق مەزگىلى؛ خۇددى كالىنىڭ سۈت بەرگىنىگە ئوخشاش ئىنسانىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە ئۇنىڭ تولۇق يېتىلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق يەتكۈزگۈچى پەرىشتە سۈپەتلىكى؛ ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىقى دېيىلگەندە- ئەرلەر ۋە ئاتىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى، غەيۇر ۋە كۈچتۈڭگۈرلىكى، خۇددى بۆرىگە

ئوخشاش يىرتقۇچ، ئۇۋلىغۇچى ۋە بويسۇندۇرغۇچى رەۋىشتە بولىشى تەبىئىي. ئۇنداق بولمىغاندا، «ئوغۇزخان» قەھرىلىك ئەر (كۆك بۆرە) سۈپەت، دەبدەبىلىك تۈنجى يۇرىشنى باشلىماس ئىدى. بۇ جەھەتتە، «ئوغۇزنامە»نى نوقۇل رىۋايەت ۋە ئېپوس پۇچەكلىكىدىن، تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىدىن ئاتا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىگە ئۆتۈپ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەجدات سالاھىتى ھازىرلانغان، ئەڭ قەدىمى ئېتنىك قامۇس يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ئوبيكتىپ تارىخى ھەقىقەت. كونا تاش قۇرال دەۋرى ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ پادىلىق ئىجتىمائى تۈزىمىنى ئەكىس ئەتتۈرسە، يېڭى تاش قۇرال دەۋرى ۋە قىسمەن سانجىغۇچى قۇراللار ("جىدا" - تاش، سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان قىسقا قوزۇقسىمان نەيزە) نىڭ ياسىلىشى، ئوقيا، بال - بال قورچاقلار، ھەم قىسمەن يۇۋاش، رايىش (قوي،كالا پادىلىرى) ھايۋانلارنىڭ تۈنجى قەدەمدە كۆندۈرىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئانا ئۇرۇق جامائەسى ئىجتىمائى تۈزۈمىنى ئەكىس ئەتتۈرىدۇ. سىپتا تاش قۇراللار بىلەن تۇچ قۇراللار (ئېنىلوئىت)، ئالتۇن بويۇملار بىلەن مىس ۋە تۇچ قۇراللار (بىرونزا) ۋە ئاندا - ساندا تۆمۈر قۇراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى، جۇملىدىن چارۋىچىلىق كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ياۋلىغى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئاتىنىڭ كۆندۈرۈلۈشى قەدىمقى مەركىزى ئاسىيا تۈركى مىللەتلىرى ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئىجتىمائى تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى روشەن بەلگىلىرىدىن ئىدى.

«ئوغۇزنامە»دىكى: «...ئوغۇز خاقان...قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى... نەيزە، ئوق، يا، قىلىچ، قالقان ئېلىپ ئاتلاندى... قىئات...گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى...» دېگەن قۇرال - ياراق تەپسىلاتىدىن، ئوغۇزلارنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ نەيزە، ئوق، يا، قىلىچ ۋە قالقانلارنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى، پەقەتلا تاياق ئۇچىغا بېكىتىلگەن تاش، سۆڭەك، تۇچ ۋە مىستىن سىلىقلاپ (سۈركەپ) ئۇچلانغان نەيزىنى ئىشلىتىشلا ئەمەس، بەلكى، ئەڭ ئۆتكۈر تۆمۈر نەيزىنىڭ تۈنجى ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن ئوغۇزخان ئۇنى بەدىنى تۆمۈردەك قاتتىق چوڭ ھايۋان قىئاتقا ئىشلىتىش سىنىقى ئېلىپ بارغان.

ئۇنداق بولمىغاندا، ئوغۇزخان «... تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان...» دېگەن شۇئارنى توۋلىمىغان بولاتتى. قىممەت نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئالتۇن بىرىنچى ئورۇندا، كۆمۈش ۋە مىس ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ئورۇندا. ئەمما، «ئوغۇزنامە»دىكى «... بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۆمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى...» تەسۋىرىدىن: ئالتۇن، كۆمۈشنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئالتۇن، كۆمۈشتىن تۆمۈرنىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارلىغىنىدەك تۆمۈر قەھەتچىلىكى ئەكس ئەتكەن. شۇڭا، «ئوغۇزنامە»دە ئالتۇن-زەرگەر ئۇستىسى تىلغا ئېلىنماي، «...تۆمۈر دوقاغول...»نى تۆمۈرچى تەرىزدە ئالاھىدا تىلغا ئالغان. «ئوغۇزنامە»دىكى «...ئوغۇزخان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كۆزدىن يۈتتى... مۇز تاغ ئېچىگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۇزۇنغىچە ئازاپ چەكتى.» دېگەن بۇ بايانىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى: "پادىشا مىنگەن ئاتنىڭ قېچىپ كېتىشى ھېچ ئەقىلغا سىغمايدىغان ھادىسە" دېيىشى تۇرغانلا گەپ. دېمىسىمۇ، نەچچە ئون مىڭ ئارغىماقلار ئىچىدىن تاللىنىپ قانچىلىغان سىناقلاردىن ئۆتۈپ، «شاھ تۇلپىرى» سالاھىتىگە ئېرىشكەن ئات، ئالدىدا تۇرغان مول يەم- خەشەككىمۇ پەرۋا قىلماي، «مۇزتاغ ئېچىگە» قېچىپ كىرىپ كېتىشى كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرمەي قالمايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئات ئەمدىلا كۆندۈرۈلگەن، بىپايان يايلاقنى كۆرگەندە تۇۋۇقى قىزىپ، كىشنەپ ۋە چاپچىپ، يېشىل يايلاقلاردا يايلىغانلىرىنى ئۇنتىيالمىغان ياۋا ئاتتۇر.

تارىخشۇناسلارنىڭ: «ئاتا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن» دەپ تەخمىنلىشى، «ئوغۇزنامە»نىڭ يۇقارقى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى تەسۋىرى بىلەن تامامەن بىردەك. ئەمدىلىكتە، ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ «ئوغۇزخان پەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن» دېگەن ھۆكمىنىڭ ھەقىقى ۋەزنىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەندەك قىلىمىز.

ئۇيغۇر نامىنى ئوغۇزخان شەخسەن ئۆزى قويغان تۇرۇقلۇق، بۇ مۇبارەك نام نېمە ئۈچۈن ئۇغۇزلارنىڭ 22 قەبىلىسى، ياكى توققۇز ئوغۇزلارغا تەئەللۇق بولماي، «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا ۋەكىللىك

قىلغۇچى ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولۇپ قالىدۇ ؟ بۇ سوئالغا ئىككى خىل چۈشەنچە بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاپقا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. بىرى، ئوغۇز خاقان تۆت تەرەپكە «مەكتۇپ» ئەۋەتكەندە، ئوڭ تەرەپتىكى «ئالتۇن خاقان» قارشىلىقسىزلا دوستلۇقنى ئىپادىلىدى. ئەمما، سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان قارشىلىق بىلدۈردى. ئوغۇز خاقان دەل ئەشۇ «ئۇرۇم خاقان» ۋە «ئۇرۇم» خەلقىنى خۇددى «قور- كۆنەلگە»دەك ئويۇتتۇرۇش مەخسىدىدە ئۇلۇغ يۈرۈشكە ئاتلانغان. مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر نامى «ئۇرۇم»لارغا تەئەللۇق بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن. يەنە بىرى، بىز «ئوغۇزنامە»دىكى مۇنۇ بايانغا قارىساق مەسىلە ناھايىتى ئېنىق چۈشۈنىشلىك بولۇپ قالىدۇ: «... ئوغۇز خاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۆمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۈچ كۆمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى... ئوغۇز خاقان... ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيىتتىكى: ‹ھەي ئاكىلار (كۈن، ئاي، يۇلتۇز)، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن› ... ئوغۇز خاقان... ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بەردى، ئېيىتتىكى: ‹ھەي ئىنىلەر (ئاسمان، تاغ، دېڭىز)، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش (ياغا بويسۇنۇڭلار)› ... ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى». ئوغۇز خاقاننىڭ «يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بويسۇنۇڭلار» دېگەن بۇ سۆزىدىن، بارلىق زېمىننى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ («يۇقۇرى چىن، ئوتتۇرا چىن ‹ئارچىن› ، تۆۋەن چىن ‹ماچىن› )نى («تۈركى تىللار دىۋانى» ، 1- قىسىم، 592- بەت) ئۈچ ئوغلى (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز)غا بەرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ «ئۈچ چىن»نىڭ ئىككىسى («تۆۋەن چىن» بىلەن «ئارچىن») «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم» تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئوغۇز خاقاننىڭ ئىككى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەچكە، قالغان بىر ئوغلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر نامى ئىككى ئوغلىغا (كۆپ سانلىققا) تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلگەن بولىشى مۇمكىن.

بىز «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم»نىڭ ھازىرقى تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەلىللىمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنى

«تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا تەئەللۇق قىلىپ قويىشىمىز ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نى نەشرگە تەييارلىغۇچى گېك شىمىن بىلەن تۇرسۇن ئايۇپ، «ئۇرۇم» ئاتالغۇسىغا سەۋەپسىزلا «شەرقى رىم»نى كۆرسىتىدۇ-دەپ، ئاددى ھالدىلا ئىزاھات بېرىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە «ئۇرۇم» ئاتالغۇسى «ئوغۇزنامە»دىكى «ئالتۇن خاقان» (ئۇيسۇن) نامى بىلەن ياندىش ۋە ئايرىلماس قوش گېزەك، ۋەزنى ئەك ئېغىر، زور تارىخى ئاتالغۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇز خاقان ئۇلۇق يۈرۈشىنىڭ بىردىن- بىر مەقسىدى، ئوغۇزلار بىلەن ئالتۇن خاقان (ئۇيسۇن) ۋە «ئۇرۇم»نىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىدىكى يىلتىز بىردەكلىكى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ تارىخى ھەممەدەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئوغۇز (تۈركى) قەۋملىرىنىڭ قەدىمكى شەرقى رىمدىكى ئىتالىيانلار بىلەن قىلچىمۇ تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقىغا «ئۈچ قورىقان» (ئۈچ قېرىنداش~三骨利斡) ۋە «قورىقان» (骨利斡) شەكلىدە كىرگۈزۈش تولىمۇ گۆدەكلىك. ئوغۇز خاقان يۈرۈش لىنىيەسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە «ئالتۇن خاقان» ۋە «ئۇرۇم خاقان» بولۇپ، «ئۇرۇم»نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سول تەرەپكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا «ئوغۇزنامە»دە «سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خاقان بار ئىدى» دېيىلگەن. شەرقى رىم ئوغۇزخان يۈرۈش لىنىيەسىنىڭ سول تەرىپىگە توغرا كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوغۇزنامە»دە پۈتكۈل ئوغۇز (تۈركى) قەۋملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈرۈشلىرى تەپسىلى سۆزلەنگەن بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئۇرۇش تەپسىلى بېرىلمەي، پەقەت «سىندۇ، تاڭغۇر، شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى.» دېگەن ئازغىنە قىستۇرما بايان كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا «ئۇرۇم» ھەرگىزمۇ «شەرقى رىم»نى كۆرسەتمەستىن، بەلكى شەكسىز ھالدا ھازىرقى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئويمانلىق بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا «ئۇرۇم» دۆلىتى (يىپەك دۆلىتى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى «كىن ئۇرۇم»-مەرگىزى يىپەك دۆلىتى («كىروران خانلىقى ~ 楼兰国») («خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لۇغىتى»، 199- بەت)، جۇڭغار ئويمانلىقى «ئۇرۇمتاي»- كىچىك يىپەك دۆلىتى («ئۇرۇمتاي خانلىقى~ 轮台国»)

(«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لۇغىتى»، 202 ـ بەت) قاتارلىق كونكرېت ناملار بىلەن مەشھۇر. ئۇرۇمچى نامى ھەققىدىكى ماترىياللاردا، «ئۇرۇمتاي» ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلما شەكلى «رۇمتاي»نى ئۇچرىتىمىز. «تاڭنامە»دە ئۇرۇمچىنىڭ ئەشۇ قىسقارتىلما نامى «رۇمتاي»نىڭ ئەينەن ھالىدىكى خەنزۇچە ترانسىپكسىيەسى «لۈنتەي» (轮台) نامى تىلغا ئېلىنغان. «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران» («楼兰»)، «كۇئىنلۈن~昆仑» ۋە ھازىرقى كۇئىنلۈن تاغلىرى (昆仑山) تارىم ئويمانلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، بۇ ئۈچ ئاتالغۇ «كىن ئۇرۇم»نىڭ خەنزۇچە ترانسىپكسىيە قىلىنىشى ئىدى. «كىن ئۇرۇم»دىكى «كىن» ئاتالغۇسى «تارىخى خاتىرىلەر»دە «كۇي~隗» بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئەبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە «كىن ئۇرۇم»دىكى «كىن» ئەينەن ھالدا ئېلىنغان بولۇپ:

تۇتۇپ ھەر تەرەپنى قارا دىۋە ـ جىن،
تۆگەپ ياخشى ئادەت، ئېلىپ ئەۋج كىن.

(«شاھنامە»، 15 ـ بەت)

«شاھنامە»دىكى «ئەۋج ئېلىپ كىن» دېگەن سۆزنىڭ ھەققى مەنىسى تۇراننىڭ ئىرانغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: «كىن يىپار ـ كىندىك ئىپار» (1 ـ قىسىم، 442 ـ بەت)دىكى «كىن»نىڭ بەدەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىندىككە ۋەكىللىك قىلىپ "مەركەز" ۋە "ئوتتۇرا" ئۇقۇمىنى بىرىدۇ. شۇڭا،«تۈركى تىللار دىۋانى»دا «...كۈن چىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا "كىن ـ كەن" سۆزى قوشىلىدۇ...» (1 ـ قىسىم، 442 ـ بەت)، «ئۇرۇم زۇن ـ بوياق (يىپەك بويىقى)» (1 ـ قىسىم، 186 ـ بەت) ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق بىزگە، «كىن» ۋە «ئۇرۇم» توغرىسىدا تارىخى خاراكتېرلىك خۇشخەۋەر ئاتا قىلىدۇ. بۈنىڭدىن قارىغاندا «كىن» ـ مەركەز، ئوتتۇرا؛ «ئۇرۇم» ـ يىپەك دېگەن مۇنتىزىم يەشىملەرگە ئېگە. ھازىرقى ۋاقىتتىكى تىل ئىستىمالىمىزدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچىنى «ئۆرۈم چاچ» دەيمىز. «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۇرۇم» يىپەكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاددى ۋە قوپال توقۇلۇشىغا قاراپ «ئۆرۈم چاچ»تىكى «ئۆرۈم»گە تەققاسلانغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەككى، «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم» نامى «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا زىيچىلاشقان ئىكەن. ئوغۇز ئاتىمىز قويغان مۇبارەك ئۇيغۇرنامى «روران» (ئۇرۇم)لىقلار ئىپتىخارىغا تەۋە.

«ئۇيغۇر»دىكى «قور» نامىنى ئوغۇز خاقان قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامىنى پەقەت «ئوغۇزنامە»دىلا ئۇچرىتىپ، باشقا تارىخى مەنبەلەردىن ئۇچرىتىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن بولىدۇ ؟ ئوغۇزخانىنىڭ تارىختا باشقىچە نامىمۇ بولغانمۇ ؟ بىز تۆۋەندىكى تارىخى ئۇچۇرلارغا قاراپ بۇ مەسىلىگىمۇ جاۋاپ تاپالايمىز:

«تۈركى تىللار دىۋانى»: «ئوغۇز، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىغا قاراپ تونۇيدۇ...بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاق ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ...بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر... ئۇلار ئۆز ناملىرىنى قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۈرگۈزىدۇ.»(1-قىسىم، 77-80-بەتلەر).

«تۈركى تىللار دىۋانى»: «ئاتاساغۇن-تىۋىپ.» (1- قىسىم، 117- بەت).

«...ئوغۇزلار ناھايىتى ھاكاۋۇر، ئۇرۇشقاق ۋە قارانىيەت. قىش-ياز ئوت، سۇ قوغلىشىپ يايلاقلاردا كۆچۈپ ياشايدۇ. يايلاقلىرى ئات، كالا، قوي، قۇرال-ياراغ ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۆز ئۆلجىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلاردا سۆدىگەرلەر كۆپ، ئوغۇزلارنىڭ ياكى سودىگەرلەرنىڭ بارلىق ياخشى نەرسىلىرى، مەيلى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئىتتىقات قىلىش ئوبيېكتى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار تىۋىپلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ، مەيلى قەيەردە ئۇچرىشىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ ئىھتىرام بىلدۈرىدۇ. بۇ تىۋىپلارمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مۈلكىنى كونتۇرۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ بازىرى يوق، لېكىن ئۇلاردىن چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغانلار كۆپ. ئۇلارنىڭ قۇرال-ياراغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى بولۇپ، جەڭلەردە ناھايىتى باتۇر. قەھرىمان كېلىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەللىرىگە ئۆزلۈكسىز ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇش يولىدا قانداق نەرسە

ياكى ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ناھايىتى تىزلىك بىلەن چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە سەردارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل ـ ماجىرالارنى ھەل قىلىدۇ.» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «19 ـ باپ. ئوغۇز دۆلىتى توغرىسىدا»، 130 ـ بەت).

«بۇ يەرنىڭ شەرقىدە جۇڭگو، جەنۇبىدا تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە قارلۇق زېمىنى، غەربىدە قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا جايلاشقان. تۈركلەرنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرى ئىچىدە بۇ دۆلەت ئەڭ چوڭ، توققۇز ئوغۇزلار بۇرۇندىنلا ئادەم سانى ئەڭ كۆپ خەلق ئىدى. قەدىمكى زاماندا پۈتكۈل تۈركىستاننىڭ خانلىرى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن چىققاتتى. ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر مىللەت، ناھايىتى كۆپ قۇراللىرى بار.» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «12 ـ باپ. توققۇز ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا»، 116 ـ بەت).

«ياغمىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىدە توققۇز ئوغۇز دۆلىتى، جەنۇبىدا (؟) خورانگىن دەرياسى بار. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربىدە قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا رايونلىرى بار. بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقى تازا روناق تاپمىغان، بىراق يۇڭ ـ تېرە كۆپ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسى كۆپ. ئۇلارنىڭ بايلىقى ئات ۋە قوي، ئادەملىرى قەيسەر، كۈچلۈك، ئۇرۇشخۇمار؛ قۇراللىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر قوۋمدىن. ياغمىلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلاردىن نامدار 1700 قەبىلە بار ئىكەن. ئۇلار مەيلى تۆۋەن تەبىقىدىكەر بولسۇن ياكى ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن پادىشاھىنى ھۆرمەت قىلىدۇ...» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «13 ـ باپ. ياغمىلار دۆلىتى ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا»، 119 ـ بەت ).

«تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «ھودۇدۇلئالەم»دىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى كونتىرول قىلغۇچىلار دىندارلار بىلەن پادىشاھلاردۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «ئاتاساغۇن ـ تۇۋپ» بىرلا شەخس بولغان ئىكەن، ئۇ چوقۇم ھەم دىندار ھەم پادىشاھ سالاھىيىتىدىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ شاھ ئاتىسىدۇر. «دىۋان»دىكى «خان ـ تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئەفراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ” خان “ دېيىلىدۇ. ئەفراسىياپنىڭ ئۆزى ”

خاقان " دېيىلىدۇ.» دېگەن سۆزدىن مەلۇمكى، تۈركىي مىللەتلىرىدىن بىرىنچى بولۇپ «خان» سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان كىشى «ئوغۇزنامە»دىكى «ئوغۇرخان»دۇر. «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەن «ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن خاقان» بىلەن «سول تەرەپتىكى ئۈرۈم خاقان»نى تۈنجى قېتىم بىرلەشتۈرگۈچى دەل «ئوغۇزخان». «ئوغۇزخان» تۈركلەر تارىخىدا «ئاتاساغۇن»دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسكە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولالىشىدا ئىختىلاپ بولمىسا كېرەك. «ئاتاساغۇن»دىكى «ساغۇن» ساكلار بىلەن ھونلار نامىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، «ئاتاساغۇن» - ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ئاتىسى دېگەنلىك. ئوقۇرمەنلەر بۇ ئاددىي يەشمىگە قاراپ: «"ئاتاساغۇن "ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇنداقتا، "بالاساغۇن" - ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ پەرزەنتى دېگەنلىكقۇ ؟»دەپ سورىشى تەبىئىي. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! «ئاتاساغۇن» بىلەن «بالاساغۇن»دىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئاتالغۇدىكى «ساغۇن» يەنىلا ساكلار بىلەن ھونلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما «بالاساغۇن»دىكى «بالا»نى مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز مۇنداق ئىزاھلىغان: «بىرلە - بىللە، بىلەن... بەزىدە سۆزنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن " ر " ھەرپى تاشلىنىپ، "بىلا، بىلە" دېيىلىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - قىسىم، 561 - بەت). بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بالا»نىڭ ئەسلىي مەنىسى بىللە تۇرغۇچى دېگەن مەناغا ئىگە. شۇنداق بولغاندا، «بالاساغۇن» - ساك بىلەن ھون بىللە، ساك بىلەن ھونلارنىڭ بۈيۈك بىرلىكىپى دېگەنلىك. تارىختا ھونلار بىلەن ساكلارنى بىرلەشتۈرگۈچى «ئاتاساغۇن» نامى پەقەت بىرلا تارىخىي شەخس («ئوغۇزخان»)نى كۆرسەتسە، «ساغۇن» ھونلار بىلەن ساكلارنىڭ بىرلىكسەپ تۈزگەن جاي نامىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە «بالاساغۇن» شەھرى ئىسكەندەر ئىستىلاسىدىن كېيىن بەرپە قىلىنغان شەھەر بولسىمۇ، ئەمما «ساغۇن» ۋە «ئاتاساغۇن» ئاتالغۇسى «بالاساغۇن» ئاتالغۇسىدىن تولىمۇ قەدىدەم ئاتالغۇ. ھونلار بىلەن ساكلارنى تۈنجى قېتىم قېرىنداشلارچە قۇچاقلاشتۇرۇپ، ئوغۇز قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان «ئاتاساغۇن» («ئوغۇزخان») چەكسىز ئېپتىخارلىق ئىلھاملىرىدا «ساغۇن» ئاتالغۇسىنى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. «ھودۇدۇلئالەم»دىكى چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، «ئاتاساغۇن» ساكلار

بىلەن ھونلارنىڭ ھاياتى ۋە مال- مۈلكىنى كونتىرول قىلغۇچى بىردىنبىر شاھىنشاھتۇر.

تارىخ قىسمەت لەۋھەسىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئوتلۇق قەلەملىرى ئارقىلىق تۇرانلارنىڭ يېپەك يولىدىكى ھەر بىر ئۆتەڭلىرىگە ئۆچمەس رەڭلىرى بىلەن ئىز سالغاندا، ئوغۇزخان، ئەڭ ئاخىرىدىكى كاتتا يىغىلىشتا، قىرىق غۇلاچ خادا ئۈستىدىكى «ئالتۇن خوراز» ۋە «كۈمۈش خوراز» ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بالدۇر ئويغۇنىشىنى تىلەپ، ئۇچكە بۆلۈنگەن « ئالتۇن يا» بىلەن «كۈمۈش ئوق»، «قور» بىلەن «ئۈچ قورىقان» ھېكمىتىدە، ئۇلارغا قېرىنداشلىق رىشتىسى ئۇلىغان ئىدى... بۇ، دەل بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۈيۈك بىرلىكىنىڭ تارىخى ئاساسى بولسا كېرەك...

«قور» ناملىق ھەيكەل ھازىرنىڭ ئاپتۇرنىڭ قولىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خېمىيىلىك ئانالىزى ئارقىلىق، مۇئەييەن دەۋرگە تەئەللۇق بولۇشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

2012- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنى

# هون نامىنىڭ تارىخي ھەقىقتى

مۇھەممەت قادىر

مۇتلەق كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار «ھون» ئېتمولوگىيىسىنىڭ «كۈن» نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەجدادىنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دەۋرىگە باغلاپلا قانائەت ھاسىل قىلغان. بۇ خىل قانائەتچانلىق ھونلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن تارىختىن بېرىكى رىقابەت مۇناسىۋىتى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى يورىتالمايلا قالماستىن ھەتتا ھونلارنىڭ تارىختا شىمال ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىزدېرەكسىز يوقۇلۇش سەۋەبىنى ئەبەدىلىك مۇئەممادا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ھون نامىنىڭ قويۇلۇشىتىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا خەنزۇ خەلقى بىلەن ھونلارنىڭ تارىخى مۇساپىسىدا رىقابەتلىك، دەۋر بۆلگۈچ ھەركەتلەرگە تۈرۈتكە بولىدىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەيۋەتلىك ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ مەشئەلدەك چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز...

«تارىخي خاتىرىلەر» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 24-بەت)تىكى «ھونلار جۇۋ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ‹شيەن يۈن› لەر دەپ ئاتالغان» دېگەن بۇ بىباھا تارىخى ئۇچۇر «شيەن يۈن» ئاتالغۇسى ئىچىدىكى «يۈن» بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى ھىندىستان پەيلاسوپى بىت پاي ھېكمەتلىرى («كەلىلە ۋە دىمنە» 2-بەت) دىكى «چىن پادىشاھى ‹ھۇمايۈن› ئاتالغۇسى ئىچىدىكى «يۈن»، «تۈركىي تىللار دىۋانىي»(3-قىسىم 197-بەت)دىكى «يۈن» ۋە «يۈن ئارىق»تىكى «يۈن»قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان مەنبەلەردىكى تۆت دانە «يۈن»نىڭ مەلۇم ئىزچىللىقتا تەكرارلانغانلىقى ھون نامى تارىخي ھەقىقەتىنىڭ توغرا لىنىيىسىنى ئېچىشىمىزغا تۈرۈتكە بولىدۇ.

## 1- جۇڭگودا سۇمرۇغنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار

سۇمرۇغ جۇڭگو ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىكى بىر سېھىرلىك قۇش بولۇپ، ئۇ كېيىنچە ئەجدەرھا بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا جۇڭخۇا مىللى روھىنىڭ سىمۋولى بولغان. ئەمما سۇمرۇغنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىزچىل سىر بولۇپ كەلدى. يېقىندا، خۇنەن ئۆلكىسى خۇڭجىياڭ شەھىرى گاۋمياۋ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر ئاق رەڭلىك ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى سۇمرۇغنىڭ سۈرىتى بايقالغان بولۇپ، موتىخەسسىلەرنىڭ ھۆكمىچە 7800 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئايان بولغان. بۇ بايقاش «سۇمرۇغنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى»نىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ماددىي ماتېريال بىلەن تەمىنلەپ، ئارخولوگىيە ساھەسىنى زىل-زىلىگە سالدى.

جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى سۇمرۇغ سۈرىتىنىڭ خۇنەندىن بايقىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىبىلىك ئەمەس. خۇنەن بولسا مەملىكىتىمىز شالچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ماكانى، سۇمرۇغنىڭ دۇنياغا كېلىشى قەدىمىي شالچىلىك مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۇمرۇغ ئەسلىدىنلا شالچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. چاڭشادىكى داتاڭ خارابىسىدىن بايقالغان 7000 يىل بۇرۇنقى سۇمرۇغ سۈرىتىدە سۇمرۇغ دەل شال مايسىسىنى چىشلەپ تۇرغان ئىدى.

زور مىقداردىكى يازما ماتېرىياللار شۇنى كۆرسەتتىكى، جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى شالچى مىللەتلەر قۇشنى تۇتېم قىلغان. بۇ ئىلىم ساھەسىگە تونۇشلۇق. مىڭ سۇلالىسى مىڭ شىنزۇڭ 44-يىللىرى (مىلادى 1573-1620 يىللار) سىزىلغان چاقماق ئىلاھى- قۇش باش، ئادەم تەنلىك بولۇپ، قولىدا يەنە بىر قۇش تۇتۇقلۇق ئىدى. بۇنداق ئادەم بىلەن قۇش بىرگەۋدىلەشكەن ئوبراز تىپىك قۇش تۇتېمغا چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇنىڭدىن 390 يىل ئىلگىرى قۇش تۇتېمغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى خۇنەن خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىدى. خۇنەندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى كۆۋرۈك باشلىرىدا ھېلى-ھەم قۇش شەكىللىرى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنى قۇش تۇتېمغا چوقۇنۇش مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمكىلەر تۇتېم قىلغان بۇ خىل قۇش «قىزىل قۇش»، «قوياش قۇشى»، «ئەنقا» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ،

شالچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. سىماچەننىڭ «تارىخى خاتىرىلەر» («史记»)دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەندى دەۋرىدە قىزىل قۇش توققۇز تال باشاقنى چىشلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، باشاقلار چۈشۈپ كەتسە پادىشا تېرىۋېلىپ ئېتىزغا تېرىپتىمىش، بۇ زىرائەتنى يىگۈچى ئۆلمەيتىمىش.» ئاتالمىش «قىزىل قۇش»، «قوياش قۇشى»، «ئەنقا» دېگەنلەر سۇمرۇغ ئىلاھى قۇشنىڭ ئەسلى شەكىللىرى ئىدى. «广雅»دا «ئەنقا سۇمرۇغ تۆرىدىكى قۇشتۇر» دەپ ئېلىنغان.

سۇمرۇغ مەدەنىيىتى شالچىلىق مەدەنىيىتىنى چۈشكۈر مەنبە قىلغانلىقتىن، ئىناقلىق، بىردەكلىك سۇمرۇغ ئوبرازىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى بولۇپ قالغان. «山海经»دا «سۇمرۇغ يېمەك - ئىچمىكى تەبىئىي، ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينىيالايدىغان قۇش بولۇپ، ئۇنى كۆرگۈچىلەر بۇ دۇنيادا تىنچ-ئامان ئۆتىدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا سۇمرۇغ كىشىلەر ئارىسىدا قەدىمدىنلا گۈزەللىك، ئىناقلىق ۋە خەيرىيەتلىكنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلگەن.

سۇمرۇغ ئوبرازى ئەسلىدىنلا ئىناقلىق قارىشىنىڭ مەھسۇلى. بىر جەھەتتىن، ئۇ «قارشىلىقنىڭ بىرلىكى»دەك زىددىيەتنىڭ بىرلىكى، يەنى ئەركىكى «凤» (ئەنقا)، چىشىسى «凰» (سۇمرۇغ) بولۇپ، «凤凰» سۇمرۇغ دېگەنلىك ئەركەك بىلەن چىشىنىڭ بىرلىكى، بىرلىكنىڭ خەيرلىك بولىشىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ كۆپ خىللىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، قۇش توتېمى ئاساسىدا، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئوخشىمىغان ئۇرۇق جەمەتلەر چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يۇغۇرۇپ، توپلاپ، گۈزەللەشتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان. مەسىلەن، «说文»دا سۇمرۇغ ئوبرازىدىكى كۆپ خىللىقنىڭ بىرلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئالدى تەرىپى ھاڭگىرتقا، كەينى تەرىپى بوبرا كېيىككە، پېشانىسى قاقىرغا، قوۋۇزى سوقسۇرغا، مەيدىسى ئەجدەرھاغا، دۈمبىسى تاشپاقىغا، ئىگىكى قالغاچقا، تۇمشۇقى توخۇغا ئوخشايدىغان بولۇپ، بەش خىل رەڭنىڭ مۇجەسسەمى.» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن.

جۇڭگو مەدەنىيىتىدە، سۇمرۇغ ئوبرازى يالغۇز تەبىئەتتىكى ئىناقلىقنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، يەنە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئىناقلىقنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. سۇمرۇغدىكى بەش رەڭ كىيىنچە قەدىمقى جەمئىيەتتىكى ئىناقلىق، تىنچلىققا چېتىلىدىغان (1) ئەخلاق، (2)

ئادالەت، (3) ئەدەپ، (4) رەھىمدىللىك، (5) ئىشەنچتىن ئىبارەت بەش قائىدىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارالغان. مەسىلەن، «山海经»دا مۇنداق دېيىلگەن: «سۇمرۇغنىڭ بېشى ئەخلاق، قانىتى ئادالەت، دۈمبىسى ئەدەپ، كۆكرىكى رەھىمدىللىك، قورسىقى ئىشەنچىنىڭ سىمۋولىدۇر.» مەزكۇر كىتاپتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەنقا ناخشا ئېيتسا، سۇمرۇغ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. سۇمرۇغنىڭ بېشىغا ئەخلاق، قانىتىغا ئىتائەت، كۆكرىكىگە رەھىمدىللىك، دۈمبىسىگە ئادالەت يېزىلغان بولۇپ، كۆرگۈچىلەر دۇنيادا تىنىچ ئامان ئۆتەر.»

قەدىمدە، سۇمرۇغ يەنە ئەخلاقلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىشتىمۇ ئىشلىتىلگەن. «ئىناقلىق ھەممىدىن ئەلا»نى تەشەببۇس قىلغان كۇڭزى دەل جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم سۇمرۇغ («风») دەپ تەرىپلەنەن كىشىدۇر. قەدىمقى ئىدىئالوگ لاۋزى سۇمرۇغنى كۇڭزىغا تەمسىل قىلغان بولۇپ، «جۋاڭزىدا»دا مۇنداق خاتىرلەنگەن: «لاۋزى كۇڭزىنىڭ بەش شاگىرتىنى ئېلىپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ، كۇڭزى جاۋاپ بېرىپ: «بىرىنچىسى باتۇرلۇق، ئىككىنچىسى پاراسەت، ئۈچىنچىسى ۋاپادارلىق، تۆتىنچىسى رەھىمدىللىك، بەشىنچىسى ئەلەم.» دەپتۇ. لاۋزى - «جەنۇپتا بىر قۇش بار، ئۇنىڭ ئىسمى سۇمرۇغ دەپ ئاڭلىغۇدىم... سۇمرۇغ بۈيۈكلۈك ۋە ئادالەت، پاراسەت، ۋە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى ئىكەن دە.» دەپتۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۇمرۇغ مەدەنىيىتىدىكى ئىناقلىق تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن. سۇمرۇغ ئوبرازىدىكى بۇ «بۇ ئىناقلىق»نىڭ ئالاھىدىلىكى سۇمرۇغقا مۇناسىۋەتلىك ئىدىئوملاردىمۇ دائىم ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: 1) «风和» - ئەنقا بىلەن سۇمرۇغنىڭ جۈپ بولۇپ سايرىشى، بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەنقا بىلەن سۇمرۇغ جۈپ بولۇپ سايرىغاندا ئاۋازىنىڭ يېقىملىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا ئەر-ئايال مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناقلىقىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. 2) «百鸟胡风» - بارچە قۇشلار سۇمرۇغقا يۈزلىنەر. بۇ جەمئىيەتتىكى ئىناق تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ يەنە كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمدارلارنىڭ دانالىقىدىن بارچىنىڭ ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشىغا تەمسىل قىلىنغان بولۇپ، پاراسەتلىك دانالارغا ئامىنىڭ ئەگىشىشىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىغا سىمۋول قىلىنغان. 3) «风阳» - سۇمرۇغلار قوياشقا باقار. بۇ ئوبرازلىق ھالدا

ئىپتىدائىي يىزا ئىگىلىكى دەۋرىدىكى قوياش قۇشى بىلەن قوياشنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن؛ يەنە پادىشا بىلەن ۋەزىر-ۋۇزرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق، ماسلاشقان ھالەتنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ۋاڭ شىجىنىڭ «风记» - سۇمرۇغ قوشىقىدا «ئەتراپىدا نىيەتداش ۋەزىرلەر بولسا، سۇمرۇغلار ھەمنەپەس قوياشقا باقار.» دەپ ئېلىنغان.

## 2-سۇمرۇغ رىۋايىتى

سۇمرۇغ ئەپسانىلەردىكى سېھىرلىك قۇش بولۇپ، ئەركىكى «风» (ئەنقا)، چىشىسى «凰» (سۇمرۇغ). قەدىمكىلەر بوبراكىيىك، سۇمرۇغ، تاشپاقا، ئەجدىھانى ئاسمان-زېمىندىكى «تۆت روھ» دەپ ئاتايدۇ. سۇمرۇغ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شەرقتە تارقالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ شەرقنىڭ ئىلاھى قۇشى، قېرىماس قۇش دېگەن ناملىرىمۇ بار. سۇمرۇغ يەنە قىزىل قۇش، ئوت قۇش، ئۆلمەس قۇش، قېرىماس قۇش دەپمۇ ئاتالغان. قەدىمكى مىسىر رىۋايەتلىرىدە، سۇمرۇغنى چوڭ كىچىكلىكى شۇڭقار بىلەن تەڭ، بەدەنلىرى ئالتۇن رەڭ پەيلەر بىلەن قاپلانغان، چاقناپ تۇرىدىغان قاناتلىرى بار، تاشقى كۆرۈنۈشى رەڭگا-رەڭ، ئاۋازى يېقىملىق، كىشىلەرگە بەخت كەلتۈرۈپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغان قۇش دەپ قارايدۇ. سۇمرۇغ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى بىر قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق يېنىدا ياشايدىكەن. ھەر كۈنى تاڭ سەھەر يېتىپ كەلگەنىدە قۇش سەھەر قوياش نۇرىغا چۈمۈلىدىكەن ھەمدە يېقىملىق، گۈزەل ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن. قوياش ئىلاھى بولسا جەڭ ھارۋىلىرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى جىمجىتقىنە تىڭشايدىكەن. بۇ چاغدا جاھاندا خۇددى ئاران بىر سۇمرۇغلا مەۋجۇتتەك بولار ئىكەن. سۇمرۇغنىڭ ئۆمرى 500 يىل بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم ئۆلۈمگە يېقىنلاشقانلىقىنى بىلگەنىدە خۇشپۇراق دەرەخ شاخلىرىدىن ئۇۋا ياساپ، ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيىدىكەن. ئۇ كۆيۈپ تۈگەر چاغدا يېڭى تۇغۇلغان بىر سۇمرۇغ ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدىن ئۇچ ئۇچۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى زىيادە ئوتلۇق، گۈزەل ئىكەن. ئۇ دورا

دەرىخنىڭ شەربىتىنى ئۆلگەن سۇمرۇغنىڭ جەسىتىگە سۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قوياش شەھرىگە ئۇچۇپ بېرىپ، تۇخۇمنى قوياش ئىلاھىنىڭ نەزىر سۇپۇسى ئالدىغا قويىدىكەن. سۇمرۇغنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەجدەرھادىن ئايرىلالمايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە شۇن يۈەن پادىشا ئۈچ چوڭ قەبىلە، 72 كىچىك قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۇنيادىكى تۇنجى ئومۇم مۇلۇكچىلىكتىكى دۆلەتنى قۇرۇپتۇ. پادىشا بىرلىككە كەلگەن توتېم بېكىتمەكچى بولۇپ، ئەسلىدىكى ھەرقايسى چوڭ-كىچىك قەبىلىلەر ئىشلەتكەن توتېملار ئاساسىدا يېڭىدىن بىر توتېم- ئەجدارھانى ياساپ چىقىپتۇ.

ئۇنداقتا، سۇمرۇغ قانداق بارلىققا كەلگەن؟ ئەجدەرھا توتېمى ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرى ئىشلىتىلمەي قاپتۇ. پادىشاھنىڭ بىرىنچى ئايالى لېي زۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ئايال بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ يېڭى توتېمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان قەبىلىلەرنىڭ توتېملىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىلغاپ، پادىشاھنىڭ ئەجدەرھا توتېمى ياساپ چىقىش ئۇسۇلىغا ئوخشىتىپ، تورنىڭ بېشى، ئاققۇنىڭ تېنى، ئالتۇن توخۇنىڭ قانىتى ۋە پېيى، ئالتۇن رەڭ قۇچقاشنىڭ رەڭگى... قاتارلىقلاردىن بىر جۈپ چىرايلىق، ئېسىل، چوڭ قۇش قۇراشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئىسىم قويغۇچى بۇ بىر جۈپ چوڭ قۇشقا ئايرىم- ئايرىم «风» ۋە «凰» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

سۇمرۇغنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتى يېڭى تاش قۇراللار دەۋرى ئەتراپىدا بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى رەڭلىك ساپال بويۇملاردىكى نۇرغۇن قۇشلار نەقىشلىرى سۇمرۇغنىڭ دەسلەپكى شەكلىدۇر. بۇنىڭدىن 6700 يىل بۇرۇنقى جېجىياڭ يۈياۋ خېمۇدۇ مەدەنىيەت خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان پىل چىشى سۆڭەك قۇرالىغا جۈپ قۇش شەكلى ئويۇلغان بولۇپ، بۇ جۈپ قۇش نەقشى چوقۇم قەدىمكى سۇمرۇغنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاتىرلىنىشىدۇر.

قەدىمدە، سۇمرۇغ ئېسىللىك، ئالىجاناپلىق، ئەخلاق- ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، كىشىلەر ياخشى ئىشلارغا بولغان ئىنتىلىش سەۋەبلىك بەزى تاغۇ-دەريا، شەھەر-بازارلارنى سۇمرۇغ نامى بىلەن ئاتىغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خاتىرلىنىشىچە، دۆلىتىمىزدە ھازىر سۇمرۇغ

تېغى دەپ ئاتالغان 42 تاغ بار ئىكەن. بۇ بەلكىم، شۇ تاغلارنىڭ سۇمرۇغقا ئوخشىغانلىقىدىن ۋەياكى قەدىمكى رىۋايەتنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۇرگەنلىك تۈپەيلىدىن بولىشى مۇمكىن. بۇ سۇمرۇغ نامى بىلەن ئاتالغان تاغلار ئىلىمىزنىڭ تۆۋەندىكى 20 گە يېقىن ئۆلكىسىگە تارقالغان:

(1) لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ شەھرى فېڭ چېڭ مانجۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

(2) جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭجۇ شەھرى رۈيئەن ناھىيىسى

(3) خۇنەن ئۆلكىسى خېڭدۇڭ ناھىيىسى، فېڭ خۇاڭ ناھىيىسى، چياڭ ناھىيىسى، پىڭ جياڭ ناھىيىسى

(4) شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن ياھىيىسى، تۇڭگۇەن ناھىيىسى، ئەنكاڭ ناھىيىسى

(5) گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى چاۋجۇۋ شەھرى، زېڭ چېڭ شەھرى

(6) گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاتونوم رايونى نەندەن، تيەنئېي، خېچى، يىشەن قاتارلىق تۆت ناھىيە شەھەر

(7) سىچۇەن ئۆلكىسى پېڭشۈي مياۋزۇ، تۇجيا ئاپتونوم ناھىيىسى، چېڭدۇ شەھرى، شيۇشەن تۇجيا مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، شىچۇڭ ناھىيىسى، داشيەن ناھىيىسى

(8) خېبېي ئۆلكىسى چېڭلۇڭ مانجۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، تاڭشەن ناھىيىسى

(9) خۇبېي ئۆلكىسى جىڭشەن ناھىيىسى، جيايۈ ناھىيىسى، دايې ناھىيىسى، شۈەنخۇا شەھرى

(10) شاڭخەي شەھرى سۇڭجياڭ ناھىيىسى

(11) جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇجىن ناھىيىسى، جياڭنىڭ ناھىيىسى

(12) فۇجيەن ئۆلكىسى شاشيەن ناھىيىسى

(13) يۈننەن ئۆلكىسى نەنپىڭ بەيزۇ پۇمى ئاپتونوم ناھىيىسى

(14) خېنەن ئۆلكىسى شىن يې ناھىيىسى

(15) ئەنخۈي ئۆلكىسى فىڭياڭ ناھىيىسى

(16) خېلۇڭجياڭ ئۆلكىسى لۇبېي ناھىيىسى

(17) جياڭشى ئۆلكىسى فىڭچېڭ ناھىيىسى، شيۇشۈي ناھىيىسى، يۈشەن ناھىيىسى

(18) گۇيجۇ ئۆلكىسى فىڭگاڭ ناھىيىسى

(19) نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى لۇڭدى ناھىيس

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە سۇمرۇغ ھەيكىلىگە ئائىت تېپىندىلار ناھايىتى مول بولۇپ، ھەيكەلدە ئىپادىلەنگەن سۇمرۇغنىڭ سىرتقى تەن تۈزۈلۈشى ئاۋىستىرالىيە ۋە ئافرىقىنىڭ كېنىيە يايلاقلىرىدىكى ئېنگىلىزچە ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغان << secretary bird >> دېگەن قۇشقا تامامەن ئوخشاش. بۇ قۇشنىڭ بويى ئېگىزلىكى 120 سانتىمېتر بولۇپ، بۇ قۇش ئاساسلىقى يىلاننى ئوزۇقلۇق قىلىپ ياشايدىغان يىرتقۇچ قۇش تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇ ھەتتا بۆركۈت ۋە بۆرىنىمۇ قورقىتالايدۇ.

سۇمرۇغ بىلەن بۆرىنىڭ سېلىشتۇرما رەسمى (1)



تۆۋەندىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان سۇمرۇغقا ئائىت مەدەنىيەت بويۇملىرى:















رەسىم (9)



رەسىم (10)



رەسىم (11)





سۇمرۇغنىڭ ئاۋىسترالىيە ۋە ئافرىقىنىڭ كېنىيەدىكى بۈگۈنكى ھەقىقى قىياپىتىنى كۆرۈپ باقايلى:

رەسىم (12)




رەسىم (13)




رەسىم (14)




رەسىم (15)



رەسىم (16)



## 3- هون نامىنىڭ تىل يىلتىزى «يۇن» ھەققىدە تارىخى دەلىللەر

بىرىنچى دەلىل، ئەمەلىيەتتە «هون» ئاتالغۇسىنىڭ تىل يىلدىزى «يۇن» بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ «جۈۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىيەن يۈن»؛ «كەلىلە ۋە دىمنە»دىكى «هۇمايۇن»؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «يۇن»، «يۇن ئارىق» (سۇمرۇغ ئېرىقى) قاتارلىق ئاتالغۇلار ئىچىدىكى «يۇن»نى ئاساسىي مەنبە قىلغان. مەزكۇر ئاتالغۇ «يۇن»نىڭ تىل روشەنلىكى هوما قۇشى (ئەنقا، سۇمرۇغ، قەقنۇس) دېگەنلىك بولۇپ، بىز ئۇنى ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ دائىملىق كىنايە ئادىتى بويىچە هوما قۇشىنىڭ چىشىسى «سۇمرۇغ» دەپ ئاتاپ تۇرايلى. بىر بوغۇملۇق «هون» بىلەن «يۇن»نىڭ يىلدىزداشلىقى بويىنچە ھەر ئىككى بوغۇم بېشىدىكى «ھ» ۋە «ي»نىڭ ئۆز ئارا ئالمىششىچانلىقىنى نەزەرگە ئالغىمىزدا، بۇ هۆكۈم شەكسىزكى «هون» (يۇن) دىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك نامىنىڭ تارىخى ئەينەنلىكىگە پۈتۈنلەي زىپچىلاشقان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن غەربىي ۋە غەربىي شىمالدىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى مۇناسىۋىتى، قەدىمكى يىپەك يولىنى ئاساسى لېنىيە قىلغان، غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە

ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان سودا كارۋانلىرىنىڭ سودا ـ سېتىق مۇناسىۋىتى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەركىن پائالىيەت سورۇنى، ھەرقايسى سۇلالە ۋە ھەرقايسى خانىدانلىق ئەلچىلىرىنىڭ قۇتلۇق قەدەم ئىزى چۈشكەن، جاھان كەزدى سەيياھلارنىڭ ئەلۋەك ئارامگاھى بولغان تىنىچلىق ئاساسىدىكى قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت بولۇپ كەلدى. گەرچە ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت تارىخىنىڭ ئاساسى ئېقىمى بولغان بولسىمۇ، گاھىدا بۇ خىل مۇناسىۋەت ئاندا ـ ساندىكى رىقابەت ئامىللىرى ئېلىپ كەلگەن زىدديەت كەسكىنلىكىدە قارمۇ ـ قارشى قۇتۇپلارغا ئايرىلىپ دەھشەتلىك ئۇرۇشلارغىمۇ سەۋەپ بولغان. بۇنداق چاغدا ھەرقايسى تەرەپ ئۆزلىرىنى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ باتۇر كۆرسىتىش مەقسىدىدە ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغۇچى قەۋم ۋە مىللەت توپىغا ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈر ھايۋان ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ نامىنى توتېم ياكى قۇت بەلگىسى قىلىپ قوللىناتتى. خەنزۇلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان ئەجدارھا (يىلان) بىلەن ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان «سۇمرۇغ» (ھۇما) مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا بارلىققا كەلگەن. ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئىنسانلار ئاتەشپەرەسلىك مەزگىلىدە ئاسمان (كۆك) تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسىنى ئاساسى ئىككى ئىلاھ دەپ قارىغاچقا، خەنزۇلار ئەجدەرھا (يىلان)نى يەر ئىلاھى دەپ قاراپ ئۇنى ئۆزلىرىگە قۇت بەلگىسى قىلدى، ھونلار سۇمرۇغ (ھۇما)نى ئاسمان (كۆك) ئىلاھى دەپ قاراپ ئۇنى ئۆزلىرىگە قۇت بەلگىسى قىلدى. بۇ ئىككى قۇت بەلگىسى بولغان يىلان بىلەن سۇمرۇغنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇزۇۋۇقلىنىش ئادىتىدىكى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارمۇ ـ قارشى بولغان قورقۇنۇچلۇق ئەھۋالغا قارايدىغان بولساق، يىلان ئاساسەن بارلىق ئۇچار قۇشلارنى ئۇزۇۋۇقلۇق قىلىدۇ؛ سۇمرۇغ ئاساسەن يىلاننى ئۇزۇۋۇقلۇق قىلىدۇ. بىز بۇ خىل ھۆكىمىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە قەدىمكى ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان سۇمرۇغنىڭ ئافرىقىنىڭ كېنىيە ياپلىقىدىكى ئۇزۇۋۇقلىنىش ئەھۋالىغا نەزەر سالساقلا كۇپايە:

ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان سۇمرۇغنىڭ يىلاننى ئۇزۇۋۇقلۇق قىلىش ئادىتى رەسىمى:

رەسىم (17)




رەسىم (18)



رەسىم (19)



رەسىم (20)




رەسىم (21)



خەنزۇلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان «ئەجدەرھا» (يىلان)نىڭ قۇشنى ئۇزۇۋقلۇق قىلىش ئادىتى رەسىمى:

رەسىم (22)




رەسىم (23)



رەسىم (24)




رەسىم (25)



رەسىم (26)



ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پادىشاھلىق ۋە ھەرقايسى سۇلالىلەردە ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان سۇمرۇغ بىلەن خەنزۇلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان ئەجدەرھا (يىلان) ھېچ قاچان بىرلىكتە سىزىلمىغان. بۇ ئىككى رەقىپ قۇت بەلگىسى پەقەت مانجۇ خانلىقى مەزگىلىدىلا بىللە (قوش گېزەك قىلىپ) سىزىلدى. بۇ بەلكىم، مانجۇلارنىڭ ئاجدادى توڭغۇس (تاڭغۇز-شەرقى ئوغۇز)لاردىن كېلىپ چىققانلىقىدىن بولسا كېرەك.

بىللە سىزىلغان ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بىلەن خەنزۇلارنىڭ قۇت بەلگىسى رەسمى (27):



يۇقۇرقى ئابزاستىكى «...يېقىندا، خۇنەن ئۆلكىسى خۇڭجىياڭ شەھرى گاۋمىياۋ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر ئاق رەڭلىك ساپال كوزىنىڭ ئۈستىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى سۇمرۇغنىڭ سۆرىتى بايقالغان بولۇپ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ ھۆكىمىچە 7800 يىللىق تارىخقا ئېگە ئىكەنلىكى ئايان بولغان. بۇ بايقاش «سۇمرۇغنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى»نىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ماددىي ماتىريال بىلەن تەمىنلەپ، ئارخولوگىيە ساھەسىنى زىل-زىلىگە سالدى.» دېگەن خۇشخەۋەردىن ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسىنىڭ 7000 يىللار مۇقەددەم بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ھونلار بىلەن خەنزۇلار تارىخى مۇناسىۋىتىنىڭ مەزكۇر ۋاقىتتىن باشلانغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن ھونلارنىڭ 7000 يىلدىن ئارتۇق تارىخى قېرىنداشلىق مۇساپىسىدە گاھىدا خەنزۇلار ھۆكۈمران ئورۇننى ئېگەللىگەن بولسا گاھىدا ھونلار ھۆكۈمران ئورۇننى ئېگەللەپ، ئۇلارنىڭ رىقابەتلىك تارىخى كەچمىشلىرىنىڭ تارىخى يالدامىسى تاكى بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. بىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان مۇنۇ مەدىنىي يادىكارلىق بويىمغا قاراپ باقايلى:

ھونلار قۇت بەلگىسىنىڭ خەنزۇلارنىڭ قۇت بەلگىسىدىن ئۈستۈن تۇرغان ھەيكەل كۆرۈنىشى رەسمى (28):



ئىككىنچى دەلىل، ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى «ئەھرىمەن دېۋە» ۋە «سۇمرۇغ» ھەققىدىكى تەسۋىرى:

قاتا- قاتار يىللار ئۆتەر باشلىدى،
شەھرىيار دۆلىتى گۈللەپ ياشنىدى.
دۇنيادا يوق ئىدى ئاگا بىر دۈشمەن،
ئەمما پىنھان ئىدى دىۋە ئەھرىمەن.
ئەھرىمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت،
يامانلىققا ئاستا كۆتىرەتتى قەد.
بۆرە بالىسىدەك ئوغلى بار ئىدى،
ۋەھشىيلىك يىرتقۇچلۇق ئاگا يار ئىدى.
(«شاھنامە»، 2-، 3- بەتلەر)

پەرزەنتسىزلىكتىن كۆپ ئازاپ چېكىپ سام،
دەرت چېكىپ، دىلىغا ئىزدەيتتى ئارام.
بىر بوۋاق تۇغۇلدى ئاخىر ئانىدىن،
قوياشتەك نۇر چاچار ياتقان جايىدىن.
ھۆسنىدە، چىرايىدا ئالەمدە بىر تاق،
ئەمما ئەيىبى بار، چاچلىرى ئاپپاق.
بۇ بالا مىسالى كىچىك ئەھرىمەن،
كۆزلىرى قارايۇ چېچى ياسىمەن...»
«جۈپتى ھالالىدىن تۇغۇلدى» دەپ چال،
سامغا ئېيتىشقا يوق ھېچكىمدە ماجال.
غۇلىچىنى ئاسمانغا يېيىپ سام پېقىر،
ياراتقانغا نىدا ئەيلەپ قىلدى پىكىر:
«ئەگەر قىلغان بولسام مەن ئېغىر گۇناھ،
دىۋىلەرگە ئەگەشكەن بولسام گەر، گۇناھ.
بۇ شەرمەندىلىكتىن سىقىلدى جېنىم،
نۇمۇستىن تومۇردا قاينايدۇ قېنىم.
ياتار پالۋان زاتى، بىگۇناھ گۆدەك،
ئاگا ئاقمۇ بىردەك، قارىمۇ بىردەك.
مېھرىسىز ئاتىسى تاشلاپ قىلدى خار،
ئەمما ئەزىزلىدى پاك پەرۋەردىگار.
(«شاھنامە» 32-33-بەتلەر)

نارىسىدە بالا ياتار بىگۇناھ،
ياتاتتى ئۇ يالغۇز تاپالماي پاناھ.
بىر سۇمرۇغ بالىسىغا ئىزدەيتتى يىمىش،
ئېگىزدىن قىلاتتى يەرنى نامايىش.
كۆردى، بىر بوۋاق يىغلاپ ياتاتتى،
تىپچەكلەپ پۇتلىرىن ھەريان ئاتاتتى.
بەزىدە بارمىقىن ئىمەر شوپۇلداپ،
بەزىدە يىغا باشلار ھەدەپ ۋار-ۋارلاپ.
مېھىر سالدى سۇمرۇغ دىلىغا خۇدا،
قەقنۇسلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇ ھەتتا.
بالىنى ئاپتاپتىن ئېلدى سىلىپ چاڭ،
ئاسماندىن تاشلاپ تىز ئۆزىنى، قاراڭ!
ئىلبۇرز تاغ ئۇستىگە چىقتى كۆتۈرۈپ،
ئۇۋىسى ياققا باردى بولۇتنى يىرىپ.
سۇمرۇغ باللىرىغا تاشلىدى نەزەر،
بوۋاق كۆزلىرىدىن قانلىق ياش ئاقار.
كەرەم قىلغانىدى شەپقەتلىك خەللاق،
تەقدىرنىڭ يازمىشى باشقا ئىدى، باق...
ئاڭا لايىق ئوزۇق ئوۋلاپ كېلەتتى،
سۈت ئورنىغا ھايۋان قېنى ئېمەتتى.
گۇدەك ئۆسمۇر بولدى، يىگىتمۇ بولدى،
ئاستا ئاۋازمۇ جاھاننى ئالدى.
ئادەملەردىن خالىي ئۆسسىمۇ خامۇش،
ئادەملەر تىلىنى ئۆگەتكەندى قۇش.
سۇمرۇغ ئاۋازىدا سۆزلەيتتى چېچەن،
ئەقلى-ھۇش جايىدا،گەپ تاتلىق سۇخەن.
جايىڭ بۇ جاھاندا ئەڭ يورۇق دەرگاھ،
ئىككى قانىتىڭ ماڭا تاج-كۇلاھ.
سۇمرۇغ جاۋاپ بېرىپ دېدى: «سەن ئەگەر
شاھانە تۇرمۇشقا تاشلىساڭ نەزەر،
بۇ جاي كۆرىنەر ساڭا بەكمۇ تار،

يېڭى ھايات چىللار سېنى، ئەمدى بار.
دوستانە مېھىر بىلەن ساڭا باقىمەن،
شۇدەم پادىشاھلىق تەرەپكە ئۈزنىمەن.
(«شاھنامە» 32 ـ 33 ـ 34 ـ 35 ـ بەتلەر)

مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ھەتتا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى پارس خەلقىنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان بۇ تارىخى داستانىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قەلەمگە ئالغان «شاھنامە»نىڭ بىز يۇقۇرىدا تەكىتلىگەن پارچىلىرىدا ئىران شاھلىرى ۋە ئىران خەلقى تۇرانلارنى «ئەھرىمەن دىۋە»گە ئوخشىتىپ:

دۇنيادا يوق ئىدى ئاڭا بىر دۈشمەن،
ئەمما پىنھان ئىدى دىۋە ئەھرىمەن.
ئەھرىمەن دىلىدا پايانسىز ھەسەت،
يامانلىقتا ئاستا كۆتىرەتتى قەد.
بۆرە بالىسىدەك ئوغلى بار ئىدى،
ۋەھشىيلىك يىرتقۇچلۇق ئاڭا يار ئىدى.

بايانى بىلەن «ئەھرىمەن دىۋە»نىڭ بالىسىنى بۆرىگە ئوخشىتىپ، بىزگە ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىنى تۇتېم قىلغانلىقىدەك «ئوغۇزنامە»دىكى تارىخى كەچمىشنى ئەسلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سام ئۇيغۇر (بۆرى)گە ئوخشاش سىياقتا تۇغۇلۇپ قالغان پەرزەنتى زالنى باياۋان چۆلگە تاشلىۋەتكەندە ئۇنى سۇمرۇغنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىشى تەپەككۇرىمىزنى ئالاھىدە غىدىقلايدۇ. دېمىسىمۇ، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسان بالىسىنى بىر قۇشنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىشى ھېچقانداق ئەقىلغا سىغمايدىغان پەۋقۇلاددە ھادىسە بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە سۇمرۇغقا ۋەكىللىك قىلغۇچى ياكى سۇمرۇغنى قۇت بەلگىسى قىلغان مەلۇم ئىنسان توپىنىڭ ئەمدىلا تۇغۇلغان بالا (زال)غا خەيرىخاھلىق قىلىپ ئۆز ھامىسىغا ئالغانلىقىدەك تارىخى ئەسلىمە بولىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرغا ئوخشاش تۇغۇلۇپ قالغان بالىنى تاشلىۋەتكەندە ئۆز دۆلەت تەۋەلىكىدە ياكى قەدىمكى ئىران بىلەن دوستانە ئۆتىۋاتقان خوشنا ئەلدىن قايسى بىر كىشى بۇ بالىغا شاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورۇقماي ھامىلىق قىلالىشى مۇمكىن؟ بۆرىگە

ئوخشاش تۇغۇلۇپ قالغان بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئېهتىماللىقى پەقەت تۇران (ئۇيغۇر)لاردا... دېمىسىمۇ، تارىختا نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان تۇران بىلەن ئىراننىڭ ئايىغى چىقماس مارافونچە جەڭگە ـ جېدەللىرى ھەر ئىككى تەرەپنى زىيادە ھالسىراتقانلىقتىن، تۇران تەرەپ ئىككى دۆلەت زىددىيىتىنى پەسەيتىش مەخسىدىدە ئەۋلاتلار ئىجىللىقىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن شۇبۇ بۆرە نۇسخىسىدىكى شاھ پەرزەنتى تاكتىكىسىنى يۈرگۈزگەن بولۇش ئېهتىمالەنلىكى چوقۇم. «شاھنامە»داستانىدىكى سامنىڭ ئۆز خانىشىدىن كۆنلەپ قېتىلغان كۆلكىلىك مۇنۇ بېيىت ھۆكۈممىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەش كۈچىگە ئىگە:

بۇ بالا مىسالى كىچىك ئەھرىمەن،
كۆزلىرى قارايۇ چېچى ياسمەن.
ئەگەر باشقىچىرەك بولۇپ چىقسا ئىش،
سىرنى ئانىسىدىن كېرەكتۇر بىلىش.
(«شاھنامە» 12ـ33ـ بەتلەر)

دېمەككى، سامنىڭ پەرزەنتىنى بېقىۋالغۇچى تۇرانلار ئىچىدىكى سۇمرۇغنى قۇت بەلگىسى قىلغان مەلۇم قەبىلە بولۇشى چوقۇم. «شاھنامە»دە «ئەھرىمەن دېۋە» بىلەن «سۇمرۇغ» سەۋەپ ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى بىر جۈپ ئۇقۇم تەرزدە بولۇپ. ئەھرىمەن دېۋە سام پەرزەنتىنى «بۇ بالا مىسالى كىچىك ئەھرىمەن» تەسۋىرىگە كەلتۈرسە، سۇمرۇغ ئەھرىمەن دېۋىنىڭ تاكتىكىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ھالەتتە كېلىپ، ئەھرىمەن دېۋە بىلەن سۇمرۇغنىڭ ئېتنىك مەنبە بىردەكلىكى ھۆكۈمىنى پەيدا قىلىشىمىزغا سەۋەپ تۇغدۇردۇ.

ئۈچىنچى دەلىل، «تۈركىي تىللار دىۋانىي»دا مەھمۇد بوۋىمىز » ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹زۇلقەرنەين ئۇيغۇرغا يېقىنلاشقاندا، تۈ*رك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخورەند ـ بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار

ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئۇۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ.» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 151 ـ بەت) دېگەن بايانىدىكى «ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن...» تەسۋىر بىلەن تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك قامۇسى «ئوغۇزنامە»دە «...شۇڭقارنىڭ ئاتاغۇسۇ ئۇشبۇ تۇرۇر...» («ئوغۇزنامە» 1980 ـ يىلى بىرىنچى نەشرى، 26 ـ بەت) دېگەن قۇر ئاستىغا شۇڭقارغا ئوخشمايدىغان بەلكى بىز يۇقۇردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن سۇمرۇغقا ئەينەن ئوخشايدىغان سۈرەتنىڭ بېرىلىشى. يەنە ئۇشبۇ «ئوغۇزنامە»دە قىرىق غۇلاچ خادا ئۇستىگە ئالتۇن توخۇ («تاغۇق»)، كۆمۈش توخۇ («تاغۇق») قويىدى دېگەن بايان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانلىرى ۋە تارىخى قىسسىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئۇچار قۇشلارنىڭ قۇت بەلگىسى سۈپۈتىدە قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىشى ھەرقانداق ئوقۇرمەننى تەئەججۈپلەندۈرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز يۇقۇردا ئوتتۇرغا قويغىنىمىزدەك، تارىخشۇناسلار ۋە ئارخولوگلارنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرىشى ئاستىدىكى مىلاددىن 4000 يىللار مۇقەددەم تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چەكسىز ئىپتىدائىي ئورمانلىق، سازلىق ۋە ئېكىنزارلىق ئەۋزەل ئېكولوگىيىلىك شارائىت ئاستىدا سۇمرۇغنىڭ ياشاش موھىيتى تولۇق ھازىرلانغان بولسا، بۇ ئىككى ئويمانلىقنىڭ كېيىنچە قۇرغاقلىشىش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بۇ رايۇندىكى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولۇشى سەۋەپلىك سۇمرۇغدىن ئىبارەت بۇ نەچچە مىڭ يىللىق قۇت بەلگىمىزنى گاھىدا لاچىن، گاھىدا شۇڭقار، گاھىدا توخۇ تەرزدە تەسەۋۋۇرىمىزدا خاتا ھالدا زايىر بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز بۇ ئېھتىماللىقنى نەزەرگە ئالمىغان ئەھۋالدىمۇ، پۈتكۈل تۈركىي قەۋملىرىنىڭ ھەرخىل ئۇچار قۇشلارنى قۇت بەلگىسى قىلىش ئومۇمىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ شاھ قەبىلىسىنىڭ سۇمرۇغنى قۇت بەلگىسى قىلىشىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

تۆتىنچى دەلىل، سۇمرۇغ ئەجداتلىرىمىزنىڭ قۇت بەلگىسى بولغاچقا پەرزەندى ئەتتار بىلەن ناۋائىي ھەم ئۇنىڭدىن ئىگىرىكى پىشىۋالىرىمىز داستان، غەزەللەر ۋە ھېكمەتنامىلەر تۈزۈشكەن. بۇنىڭ تىپىك ئۆلگىسى

ناۋائىينىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىدۇر. ئۇنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

چىن شەھرىنىڭ سۈپىتى ۋە سۇمرۇغنىڭ ئۇ يەرگە چۈشكەن پەرى (قانات پېيى) توغرىسىدا:

دىدى ھۇدھۇد كىم بۇ ئىش بولمىش يەقىن،
كىم ئىرۇر مەشرىقدە شەھرى ئاتى چىن.
شەھرى يوقكىم ۋۇسئەت ئىچرە بۇ جاھان،
ئول جاھان خەلقى ساۋادىندا نىھان.
خەتتەسى خۇشراق ئىرەم گۈلزارىدىن،
سۈيى دىلكەشراق بىھىشت ئەنھارىدىن.
بىر كېچە ئول شاھى دۆلەت ئاشيان،
دەھر ئارا پەرۋازىنى ئەيلەپ ئايان.
ئىتتىپاقا سەير تۈشمىش چىن سارى،
ئول ساۋادى مۈلك خۇد ئايىن سارى.
ئول تۈن ئول كىشۋەر سەراسەر يارۇمىش،
ۋاقىف ئەلنى بىشۇئۇر ئەتمىش ئول ئىش.
سىلكىنىپ چىن سارى تۈشمىش بىر پەرى،
تاپمىش ئاندىن زىيب پەرھىن كىشۋەرى.
رەڭگى، نىقشى ئول بىر دەغايەتتىن پۈزۈن،
كىم ئۇنىڭ شەرھىدە بولغاي سۆز ئۇزۇن.
تاڭلاسى چۈن كەلمىش ئەل ئۇز ھالىغە،
باقىپ ئول پەر رەڭ بىلە ئەشكالىغە.
ھەر كىشى باغلاپ تەخەييۇلدىن قەلەم،
قىلمىش ئول پەر نەقشىدىن تەرھى رەقەم.
بارچەنىڭ نەقشى خىيال ئەندىشەسى،
بۇ ئىش ئاندىن بولماس ئول ئىل پىشەسى.
ھەر كىشىنى قىلمىش ئول نەقشى خىيال،
نەقش تەسۋىر ئەمرىدە ساھىب كامال.
ئاتى مانى خامەسى مۇئجىز نامای،
سەنئىتى نەززارەسى ھەيرەت پەزاي.

بۇيلە نىسبەتلەردىن ئەھلى مەئنەۋى،
چىندا دەرلەر كارگاھى مەئنەۋى.
ئول پەر ئەمدى گوييياكىم چىندادۇر،
ھۆردەك ئول مۇلك خۇلد ئايىندادۇر.
بۇ ئىمىش بۇ پەر زوھۇرىنىڭ ئىشى،
مۇندىن ئارتۇق پەھىم قىلمايدۇ كىشى.
كۆرمەكىدىن كىمە دەم ئۇرمايدۇرۇر،
سۆزنى بۇ غايەتكە يەتكۈرمەيدۇرۇر.
زاتىدىن مىدەيدۇر ئول خۇدكىمە سۆز،
كىم ئېرۇر كۆر ئاندا ھەر بەندىدە كۆز.
ئول پەي ئۆززە ھەر تەرەپ تارى ئانىڭ،
پىل سۇپاتىنىڭ نەمۇدارى ئانىڭ.
بى ئەدەد نەقش ئولدى ئول پەر ھالىدىن،
ناقىل ئول پەر ساھىبى ئەفئالىدىن.
رەڭلار ئول پەردە بىھەد بىقىياس،
ھۆكىم ئەسماسىغە قىلدى رەھ شۇناس.
كىمە تەۋق ۋە سىررى ئەھۋالىن دىمەس،
ھەرگىز ئاندىن ھىچ پەر خالى ئىمەس.
ئەمرۇ نەھى بارچىمىزغە پەرز ئەين،
تەركى ئەمرۇ نەھيىدە يۈز شۇرەشىن.
كەلدى مەئىمۇرىغە ئۇمىدى ۋىسال،
ئاسى ۋە جافىسغە بىمۇ- نىكال.
چۇشتى قۇشلارغا بۇ ھالەتتىن خۇرۇش،
شەۋق سالدى ھەر بىرى كۆڭلىگە جۇش.

«چىن شەھرىنىڭ سۈپىتى ۋە سۇمرۇغنىڭ ئۇ يەرگە چۈشكەن پەرى توغرىسىدا بايان» ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا ئۇنىڭ نەسرى تەرجىمىسىنىدىن ھوزۇرلانغايسىلەر...

ھۆپۈپ دىدىكى: بۇ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى چىن ناملىق شەھەردە بولغان ۋەقە... دۇنيادا چىن شەھرىدەك كەڭ شەھەر يوق، ئەمما جاھان خەلقى ئۇنى بىلمەيدۇ... ئۇ شەھەرنىڭ بوستانلىرى ئىرەم باغىنىڭ

گۈلزارلىرىدىن ياخشىراق، ئۇنىڭ سۆيى جەننەتتىكى ھەۋزىكەۋسەرنىڭ سۈيىدىنمۇ دىلكەشراق... بىر كېچىسى ئۇ دۆلەتنىڭ شاھى ئاشيانىسىدە تۇرۇپ ئالەم ئارا پەرۋاز قىلماقچى بولىدى... پايانسىز، گۈزەل چىن مەملىكىتىگە سەيلە قىلىشنى قارار قىلدى... شۇ كېچىسى چىن مەملىكىتى پۈتۈنلەي يورۇپ كېتىپ، ۋاقىپ بولغان كىشىلەر مەس، بىھوش بولغانمىش... سۇمرۇغنىڭ سىلكىنىشى بىلەن بىر تال پېيى يەرگە چۈشۈپ، پۈتۈن چىن مەملىكىتى ئۇنىڭدىن زىننەت تاپقانمىش... ئول پەينىڭ رەڭدارلىقى نەقشىدارلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ... ئەتىسى ئەل ئۆز ئۆز ھالىغا كېلىپ، ئۇ پەينىڭ رەڭگى ۋە شەكلىگە قاراپ... ھەر كىشى قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇ پەينىڭ نەقشىنى سىزغانمىش... بارچە نەققاشلار ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن نەقشلىرىنىڭ ھەممىدىن يۇقۇرى بولىشىنىلا ئويلايتتى... بۇ نەقشنى كۆرگەن ھەربىر كىشى تەسۋىرى سەنئەتتە شۇنداق كامالەت ئىگىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى... شۇلاردىن بىرى بولغان مانى ئىسىملىك كىشىنىڭ قەلىمى مۆجىزىلىك قەلەم بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئىتى كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى... بىلىمدانلار بۇ ئىشلارغا قاراپ، ھۈنەر ئىگىلىرىنىڭ كارخانىسى چىن مەملىكىتىدە دېيدۇ... بۇنىڭدىن ئارتۇغىنى بىلگىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ گۈزەللىك شۇ پەينىڭ شۇ زېمىنغا چۈشكەنلىكىدىندۇر... كىشىلەر بۇنى كۆرگەنلىكىدىن ئارتۇق گەپ قىلىشمايدۇ... كىشىلەرنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندەكلا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ زاتى توغرىسىدا دېيەلمەيدۇ... ئۇ پەينىڭ ھەر تەرەپتىكى تارلىرى پىلىنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ... نەققاش ئۇ پەينىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشلىرىدىن ۋە ئۇ پەينىڭ ئەھۋلىدىن سان-ساناقسىز نەقشلەرنى ئىشلىدى... ئۇ پەيدىكى قىياسقا سىغمايدىغان رەڭلەر ئۇنىڭ ئىسىملىرىغا ھۆكۈم قىلىشقا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ... كېچ كىشى ئۇنىڭ سىرىنى دىمەيدۇكى، ئۇنىڭ ھەر بىر قاناتى پېيى خىسلەتلەردىن خالى ئەمەس... ئەمرىنى قىلىش، نەھيىدىن يېنىش ھەممىمىزگە پەرز بولۇپ، بۇنى قىلمىساق نۇرغۇن غەۋغالار يۈز بېرىدۇ... ئەمىر ۋە نەھيىنى بىجا كەلتۈرگەنلەرگە ۋەسلىنىڭ ئۈمىدى بار، گۇناھكارلارغا قورقۇنچ ۋە ئازاپ بار... قۇشلار بۇ ئەھۋالدىن غۇلغۇلىغا چۈشۈپ، قەلبىدە ئىتتىپاقلىرى قايناپ تاشتى...

ھۆپۈپنىڭ سۇمرۇغ ھەققىدە ھېكايە قىلىشى، مۇھەببەت ئوتىنىڭ قۇشلارنىڭ دىلىدىن تىلىغا ئۆتىشى

ھېچقايسى قەۋم ئارا يوق بۇيلە شاھ،
ئانىسىز ئولغانلارغا يۈز مىڭ دەرت ئاھ.
دىدىلار ھۇددۇغەكىم، ئى پىشىۋا،
بۇيلە شاھنىڭ پۇرقەتى ئەرمەس راۋا.
دەھىر ئارا بولغاي بۇ يەڭلىغ شاھىمىز،
بارچە تۈرلىك ھالدىن ئاگاھىمىز.
بىر خىجالەتكە كىرىپتار ئولغامىز،
پۇرقەتى ئاشۇبىدىن زار ئولغايمىز.
بۇيلە غەپلەتكە ئۆلۈم راجە دۇرۇر،
ئەھلى ھۇش ئاللىندا بۇ ۋازىبە دۇرۇر.
سەن ئارامزدە چۇ كەلدىڭ رەھ شۇناس،
بارچەمىزدىن بۇدۇر ئەمدى ئىلتىماس.
كىم بارىغە مۇقتەرالىق قىلغاسىن،
بۇ سەپەردە پىشىۋالىق قىلغاسىن.
كىرگامىز ئول شەھيولىغە جان بىلە،
جان ئاۋۇچلاپ دىدەئى كىريان بىلە.
ۋەسىل كامىن ئەيلەگەيمىز مۇلتەمەس،
ئىستەمەكتىن تىنماغايمىز بىر نەپەس.
ئانچە ئۇرغايمىز بۇ يولدا بالۇ پەر،
ئەيلەگەيمىز قەتئى ئانچە بەھرۇبەر.
كىم ۋىسال كامىغە يا يەتكەمىز،
يا تەمەننادىن جان تەرك ئەتكەيمىز.

بەشىنچى دەلىل، تاڭ دەۋرى شائىرى يۈەن جىڭ بىلەن لى بەينىڭ سۇمرۇغنى ئۇيغۇرلارغا سىمۋول قىلىپ يازغان شېئىرلىرى:

يۈەن جىڭ

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز-ئايالالار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.

سۇمرۇغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ-زىنىنەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس-بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.
(«شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسۇل سەنئىتى» 41-بەت)
لى بەي
يولۋاسلار تەك ساز ياڭرىتىپ، ئەنقا-سۇمرۇغ ھاۋا تارتىپ،
پەرىشتىلەر كۆز ئالدىمىدىن سەلتەنەتتە ئۆتتى شۇنداق.
(«تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن» 34-بەت)

يۇقىرىقى ئىككى شېئىرنىڭ ئىككىنچى بېيىتىدا سۇمرۇغقا ۋەكىللىك قىلىنغۇچى ئۇيغۇر قىزلىرى ساز بىلەن مۇڭ قىلسا نەۋ باھارنى ئەسلىتەتتى دېگەن مەنا ئەكس ئەتكەن. لى بەينىڭ بېيىتىدىكى «ئەنقا ـ سۇمرۇغ ھاۋا تارتىپ» دېگەن مەزمۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ھاۋا ۋە ئېگىز ھاۋا ياسىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان «ئەنقا-سۇمرۇغ»نى ئۇيغۇرلارغا تەگداش ئۇقۇم تەرىزدە ئالغان.

ئالتىنچى دەلىل، «چىن (秦)نىڭ ئەجدادى-قەبىلە ئاقساقلى چۇەن شۈنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قىز نۈشيۇ رەخت توقۇۋاتقاندا ئالدىغان چۈشكەن قالغاچنىڭ تۇخۇمىنى يەپ قويغانلىقتىن دايى ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغىدۇ...داينىڭ ئوغلى دافېي بولۇپ قەبىلە ئاقساقلى شۇن ئۇنىڭغا يىڭ (嬴) فامىلىسىنى سوۋغا قىلىدۇ...دافېي دالىيەن (大廉 يەنى نياۋسۇشى 鸟俗氏) ۋە رومۇ () دەپ ئىككى ئوغۇل كۆرگەن... دالىيەننىڭ چەۋرىسى جۇڭيەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكرىكى قۇشقا ئوخشايدىكەن ئەمما ئادەمدەك سۆزلەيدىكەن، شاڭ خانى تەيۇۋ () ئۇنى ھارۋىكەش قىلغان. (جۇڭ يەننىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن فېي لىيەن، ئې لەي شاڭ خانى جۇۋغا خىزمەت قىلغان.» بۇ ئابزاستىكى قىز نۈشيۇنىڭ قالغاچ تۇخۇمىنى يەپ ئېغىر ئاياق بولۇپ قېلىشى تەبىئەت دۇنياسىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كىشىنىڭ ئىشىنىش دائىرىسىدىكى تارىخى ئەينەنلىك ئەمەس.

نۈشيۇنىڭ قالغاچ تۇخۇمىنى يەپ قويغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى تارىخى ئابىدىگە قاراپ باقايلى:

رەسىم (29)



رەسىمدىكى قۇش بىز يۇقۇردا كۆرسەتكەن ئافرىقا ۋە ئاۋىستىرالىيەدىكى سۇمغۇرنىڭ ئەينەن ئۆزى بولۇپ، بۇ ئىككى قۇشنىڭ سۆل تەرىپىدىكى قۇشنىڭ تۇرۇش ھالىتى «ئۇغۇزنامە»دىكى شۇڭقارنىڭ ھالىتى بىلەن تامامەن ئوخشاش («ئوغۇزنامە» 26 ـ بەت):

رەسىم (30)



«تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «ئوغۇزنامە»نىڭ بىرىدە «قالغاچ»، بىرىدە «شۇڭقار» دەپ خاتا ھالدا ئاتىلىپ ئەمەلىيەتتە «ئوغۇزنامە»نىڭ قەغەز يۈزىگە سىزىلغان قۇشنىڭ سۈرىتى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تەسۋىرىمىزدىكى سۇمرۇغقا ئوخشاپ قالىدۇ؟ بىز «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «قالغاچ»نىڭ ئىككى ئاچىماق قۇيرۇقى بىلەن سۇمرۇغنىڭ ئىككى تال ئۇزۇن قۇيرۇقىنى تۆۋەندىكى رەسىمدىن كۆرگىنىمىزدە مەسىنىڭ ماھايىتى تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ قالىدۇ:

سۇمرۇغنىڭ ئىككى تال ئۇزۇن قۇيرىقى:

رەسىم (31)



رەسىم (32)



رەسىم (33)



رەسىم (34)



ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سۇمرۇغنىڭ ئىككى تال قۇيرۇقلۇق قىلىپ سىزىلغان رەسمى:

رەسىم (35)



يۇقارقى بەش رەسىمنى بىرگەۋدە قىلىپ قارايدىغان بولساق «تارىخي خاتىرىلەر»دىكى «قالغاچ»نىڭ ئىككى تال قۇيرۇقى هازىرقى ئافرىقىنىڭ كېنىيەدە ۋە ئاۋسترالىيىدىكى سۇمرۇغنىڭ ئىككى تال قۇيرىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. «ئوغۇزنامە»دىكى خاتا ئاتالغان «شۇڭقار» بىلەن ئەمەلىيەتتە يەنە شۇ «ئوغۇزنامە»گە سىزىلغان شۇڭقار رەسمى بىلەن هازىرقى سۇمرۇغنىڭ قىياپىتى تامامەن بىردەك.
سۇمرۇغنىڭ تارىخنامىلەردىكى ئوبرازىنىڭ گاهى «قالغاچ»قا، گاهى «شۇڭقار»غا، گاهى «ياۋا توخا» (قىرغاۋۇلغا) ئوخشاش سىزىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق، ئارخىلوگلارنىڭ هۆكمى بويىچە تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىسىنىڭ 4000 يىللار مۇقەددەم قۇملىشىش ۋە قۇرغاقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن سۇمرۇغنىڭمۇ بۇ رايوندىكى نەسلىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن كېيىنكىلەر هونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان سۇمرۇغنىڭ سىزىلىشىدا ۋە هەيكىلىدە تارىخي چىنلىق ئەكس ئەتمىگەنلىكى چوقۇم.
بىز «تارىخي خاتىرىلەر»دىكى: «دالىيەنىڭ چەۋرىسى مىڭشى جۇگىيەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكرىكى قۇشقا ئوخشايدىكەن، ئەمما ئۇ ئادەمدەك سۆزلەيدىكەن. شاك خانى ئۇنى هارۋىكەش قىلماقچى بولۇپ، پال سالدۇرۇپ كۆرگەنىدى، پال چوڭ ياخشىلىقتىن بىشارەت بەرگەن...»

دېگەن بۇ كۆلكىلىك بايانغا قارايدىغان بولساق، ئادەمنىڭ قۇشقا ئوخشاش ھالەتتە بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا «جۇڭ يەن»نىڭ ھون (ئۇيغۇر)لارغا ئوخشاش مويلۇق، مەيدىسى قويۇق تۈك قاپلىغانلىقى سەۋەپلىك «قۇش مەيدە» تەسۋىرىدە كەلگەنلىكىگە، يەنە بىر قېتىم قاقاھلاپ كۈلمەي قالمايمىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭ يەننىڭ پادىشاھقا ھارۋىكەش بولۇشىغا قاراپ ھون (ئۇيغۇر)لارنىڭ تارىختىكى ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) دېگەن پەخرى نامىنىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئەسلەپ قالىمىز... ئەگەر بىز «جۇڭ يەن»گە ھەقىقى ئەجدات لەقىمى قويماقچى بولساق «قۇش مەيدە» ئەمەس «سۈمرۈغ مەيدە» بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە...

يەتتىنچى دەلىل، بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى سۈمرۈغ سۈرىتىنىڭ خۇنەندىن بايقىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىبىلىك ئەمەس. خۇنەن بولسا مەملىكىتىمىز شالچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ماكانى، سۈمرۈغنىڭ دۇنياغا كېلىشى قەدىمىي شالچىلىك مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۈمرۈغ ئەسلىدىنلا شالچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. چاڭشادىكى داتاڭ خارابىسىدىن بايقالغان 7000 يىل بۇرۇنقى سۈمرۈغ سۈرىتىدە سۈمرۈغ دەل شال مايسىسىنى چىشلەپ تۇرغان ئىدى...» دېگەن ئىدىينى ئالغا سۈرگۈچى، شال مايسىسىنى چىشلەپ تۇرغان ئاجايىپ بەدىئىي قىياپەتتىكى بۇ سۈمرۈغ ھەيكىلىدىن ھوزۇرلانغاچ تەپەككۇرىمىزنى تارىخنامىلەرگە ۋە تارىخى داستانلارغا ئاغدۇرۇپ باقايلى:

رەسىم (36)



«شاھنامە»دىن پارچىلار:

شاھقا ھالاللىق بولغاچ مۇيەسسەر،
بېشىغا نۇر يېغىپ بولدى مۇنەۋۋەر.
ئەھرىمەن دىۋنى يېڭىپ ئۇرۇشتا،
مىندى تىزگىن قىلىپ يالىنى قولدا.
شۇندىن بۇيان توقۇپ خالىغان زامان،
مىنىپ كېزەر بولدى پادىشاھ جاھان.
جىنلار كۆرۈپ بۇ ئاجايىپ ئىشنى،
ئىسيان كۆتۈرۈشتى باشلاپ ئۇرۇشنى.
نەرە تارتىپ كېلەر قارا دىۋە پىشۋاز،
ئاسمانغا يېتەتتى ھۆركىرىگەن ئاۋاز.
ئۇزۇنغا سوزۇلماي ئۇرۇش تۈگىدى،
نۇرغۇن دىۋىلەرنىڭ بېشى كېسىلدى.
ئۆچتىن بىر قىسمىنىڭ خوتۇنى ئەرسىز،
قالغانلىرىنى بولسا قىلىشتى ئەركسىز.
باغلاپ سۆرەپ كەتتى كەتتى، بارۇ خارۇزار،
ئىلتىجا قىلاتتى بارى زارۇزار.
«بىزنى ئۆلتۈرمىسەڭ يېڭى بىر ھۈنەر
ئۆگۈتۈپ قوياتتۇق سىلەرگە يارار»
ھەممىسىگە ھايات بەخش قىلدى شاھ،
يېڭى ھۈنەرلەردىن بولاي دەپ گاھ-گاھ
يېشىلگەچ پۈت قولدىن ئىشكەل ۋە زەنجىر،
ئۆتۈشتى پادىشاھ تەرەپكە ئاخىر.
شاھقا ئۆگىتىشتى خەت يېزىش سىرىن،
دىلىغا تولدۇرۇپ مەرىپەت نۇرىن.
بىرلا يېزىق ئەمەس ئوتتۇز يېزىقنى،
ئەرەپچە، رۇمچە، پارىسچە ئوقۇشنى،
سوغدىيۇ، چىنيۇ، پەھلەۋىنى ھەم،
شاھ يېزىپ ئوقۇيتتى ھەممىسىن ئىلدام،
پەقەت ئوتتۇز يىل ئۇ شاھ بولدى ئاخىر.
(7-، 8-بەتلەر)

(شاھ) خەلققە ئۆگەتتى قوي يۇگىنى ئېلىپ،
ئۇنى ئېگىرىشنى ئۇرچۇققا سېلىپ.
ئۆگەتتى ئېگىرىش، توقۇشنىمۇ ھەم،
يۇگىدىن توقۇماقچى ماتايۇ گىلەم.
تىز ماگار جانىۋار بولسا بىقىشنى،
ئارپا، سۇلۇ يىغىپ قىش ئۆتكۈزۈشنى.
(7 ـ بەت)
(شاھ) ئېرىقلارغا يوللاپ ئابى كەۋسەرنى،
ئاسان قىلدى ئىنسان جاپاسىنى.
ئاۋامنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىماق ئۈچۈن،
تېرىشقا يىغىشقا ئۆگەتتى پۈتۈن.
ھەركىم تېرىپ تاپار ئۆز نېنىنى،
كۆچمەنچىلىك ئەمدى قىينىماس جېنىنى.
بۇرۇن بۇ ئىشلار ئەمەستى ئادەت،
ياۋا مېۋىلەردىن باشقا يوق نېمەت.
كىشىلەر ھەممىشە يۈرەتتى ئاچ ـ توق،
بىر تېرىدىن باشقا يېپىنچىسى يوق.
(5 ـ بەت)

«تارىخى خاتىرىلەر» دىن:

خۇاگدى (شۈەن يۈەن)... بەش ئەناسىرنىڭ تەبىتى بويىچە بەش خىل زىرائەت ئۆستۈردى. ئاھالىلەرگە خەمخورلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ باش-كۆزىنى سىلىدى... ئۆي جاي سېلىپ، كىيىم كېچەك تىكىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. ھەرخىل زىرائەت ۋە ئۆت-گىياھ دەرەخلەرنى ۋاقتىدا تېرىپ، تىكىپ ئۆستۈردى... خەلقنى سۇ، ئوت ۋە ھەممە بايلىقنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ئۆگەتتى. تۇپراقنىڭ خاسىيىتىدىن بىشارەت بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇاگدى (پادىشاھ) دېگەن نام قارار تاپتى.» ( «تارىخى خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە، ‹1987 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى› 16 ـ 17 ـ 18 ـ بەتلەر)

«ئوغۇزنامە» دىن:

«... ‹ئىتلىنىڭ سۆيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟› لەشكەرلەر ئىچىدە ئۇلۇس ئوردا بەگ دېگەن بىر ياخشى بەگ بار بار ئىدى. ئۇ قابىلەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال ـ ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ... ئاشۇ ياغاچلارنى كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتتى. ئوغۇز خاقان شاتلىنىپ كۈلدى، ئېيتتىكى: ‹ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ...› (52ـ بەت). «...ئوغۇزخان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا مىنەتتى... بۇ ئايغىر ئات كۆزدىن يۈتتى... ئۇ ئات مۇزتاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى... لەشكەر ئىچىدە بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار ئىدى، ئۇ ھېچنىمىدىن قورۇقماس باتۇر ئادەم ئىدى... ئۇ ئايغىرنى ھازىر قىلدى (ئايغىرنى تۇتۇپ چىقتى)... ئوغۇزخان خۇرسەن بولۇپ كۈلدى، ئېيتتىكى: «ھەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق...» (53ـ54ـ بەتلەر). «... لەشكەر ئىچىدە بىر چىۋەر ئۇستام بار ئىدى... ئۇ تۆمۈر دۇقاغۇل ئىدى... ‹سەن بۇ يەردە قال، ئىشكنى (قۇلۇپلاقلىق تۆمۈر ئىشكنى دېمەكچى ئاچ... (ئۇنىڭغا) قالاچ دەپ ئات قويدى...»

يۇقارقى «شاھنامە» ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر»دە كىشىلەرگە دېھقانچىلىق قىلىشنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىشنى ۋە رەخت توقۇشنى نېمە ئۈچۈن پادىشاھ ئاۋام پۇقرالارغا ئۆگىتىدۇ؟ ئىشلەپ چىقىرىشقا بىۋاستە قاتنىشىدىغان ۋە مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ئىگە ئاۋام ـ پۇخرا نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ئىقتىرانى يارىتالمايدۇ؟ بۇنىڭ ئەكسىچە «ئوغۇزنامە»دە نېمە ئۈچۈن يۇقارقى كەشپىياتلارنى ئاۋام ـ پۇقرا كەشىپ قىلىدۇ؟

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، «ئەھرىمەن دېۋە» ئىران شاھى «ھوشەڭ» ۋە «تەھمۇرەس»كە 30 خىل يېزىقنى، تېرىقچىلىق قىلىشنى ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى... ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھ «شۈەن يۈەن»گە شال ئۇرۇقىنى سۇمرۇغ تاشلاپ بەردى...

تارىخى مەنتىقىگە ئۇيغۇن شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، قەدىمكى زامانلاردا يات ئەلدىن كەلگەن دىن تارقاتقۇچىلار، ئەلچىلەر، سەيياھلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئاۋال كۆرۈشىدىغىنى شۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھ، ۋەزىرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىدۇر. بۇ سەۋەپلىك يات ئەلنىڭ ئۆزگىچە قول ھۈنەر سەنئىتى

ۋە ھەرخىل يېگىلىقلىرى ئاۋال ئۇردا ئارقىلىق ئاندىن ئاۋام پۇقرا ئىچىگە ئۆزلىشىدۇ. بىز بۇ تارىخى مەنتىقىسىز ھەرقانداق پادىشاھنى ئوردىدا خارامان يۈرۈپ، ھېچقانداق ئىشلەپچىرىشقا بىۋاستە قاتناشماي تۇرۇپ ئاۋام-پۇقراغا تېرىقچىلىق ۋە قول-ھۈنەر تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى دېيەلمەيمىز... دېمەككى «ئوغۇزنامە»دىكى ھەرخىل ئىقتىرانىڭ ئاۋام تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى شەكسىز تارىخى ھەقىقەت!...

«شاھنامە»دە ئىرانلار ۋە پارىسلارنىڭ قەدىمكى تۇران (ئۇيغۇر~ هون)لارنى «ئەھرىمەن دېۋە» دەپ ئېلىشىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشىگە قاراپ باقايلى؛ «ئەھرىمەن دېۋە» ئاتالغۇسىدىكى «دېۋە»گە «تۈركىي تىللار دىۋانىي»دا: «تەۋە- تۆگە. بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى ‹ۋ› بىلەن ئېيتىلىدۇ. ئوغۇزلار بۇنى ‹دەۋە› دەيدۇ.» («تۈركىي تىللار دىۋانىي» 3-قىسىم، 311-بەت). «تۈركىي تىللار دىۋانىي»دىكى ئوغۇزلارنىڭ تىل ئادىتىدىكى ھازىرقى تۆگە نامىنى كۆرسىتىدىغان «دەۋە» بىلەن «ئەھرىمەن دېۋە» دىكى «دېۋە»نى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، تىل تاۋۇشلىرىدىكى «ئە» ۋە «ئې» قىسمەن پەرقىنى نەزەرگە ئالمىغاندا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش ئاتالغۇ بولۇپ، «ئە» بىلەن «ئې» تاۋۇشىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىش ۋە ئۆتۈشۈشچانلىقى ئىنتايىن تېز. مەسىلەن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە «ئەلى»نى «ئېلى»، «سەلىم»نى «سېلىم» دەپ ئاتاش ئادىتىدە «ئە» تاۋۇشى بىلەن «ئې» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىشىغا ۋاقىت پەرقى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز ھاجەتسىز. تۆگىنى كۆرسىتىدىغان ئوغۇزلارنىڭ «دەۋە» ئاتالغۇسىدىكى ئىككى بوغۇم «دە» بىلەن «ۋە» بىرلىكتە تەلەپپۇز قىلىنغاندا «دە»دىكى «ئە» بىلەن «ۋە»دىكى «ۋ» ئۇچرۇشۇپ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ يەڭگىللىك ئادىتى بويىچە ئەسلىدىكى «دەۋە» بويىچە ئەمەس بەلكى «دېۋە» ياكى «دېۋە» تىل ئىستىمالىغا يۈزلىنىدۇ. دېمەك، «ئەھرىمەن دېۋە»دىكى «دېۋە» بىلەن ئوغۇزلارنىڭ تىل ئادىتىدىكى «دەۋە»نىڭ ئوخشاشلىق تىل ھەقىقىتىدىن تۆگىنىڭ ئىككى ياكى بىر لوكىلىق ئاجايىپ بەھەيۋەت زور مەخلۇق ئىكەنلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن «چۆل كېمىسى» دېگەن تەمسىلدىن ھوزۇرلانغاچ، «ئەھرىمەن دېۋە»دىكى «ئەھرىمەن»نىڭ زادى قانداق ئاتالغۇ، قانداق تىل يىلدىزىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ

تىل ئامبىرى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن مۇئەييەن ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ باقايلى؛ «ئۇرۇمزۇن- بوياق (يىپەك بويىقى)» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-قىسىم 186-بەت). «ئۇرۇمزۇن»دىكى «زۇن» رەڭنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېلىھەم ئاياللار ۋە قىزلار بوينىغا ئاسىدىغان مارجان-ھېقىقلارنى «زۇننار» دەپ ئاتاپ، «زۇننار» دىكى «زۇن» ئارقىلىق «ئۇرۇمزۇن»دىكى «زۇن»نى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «زۇن» پەقەت ۋە پەقەت بوياق ۋە رەڭنىلا كۆرسىتىدۇ. «زۇن»غا ئالدى قوشۇلغۇچى ياكى ئارقا قوشۇلغۇچى ئۇلانغاندا ئېگىلىك قوشۇمچىسى ھاسىل بولۇپ، «زۇن»نىڭ ئالدى ۋە ئاقا قوشۇلغۇچىسى «نېمە» ۋە «قانداق» دېگەن سۇئالغا ئېنىقلىما بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇ نېمىنىڭ بويىقى؟ بۇ ئەتلەسنىڭ بويىقى؛ بۇ قانداق بوياق؟ بۇ ماتا بويايدىغان بوياق... دېمەككى، «ئۇرۇمزۇن»-يىپەك بويىقى (يىپەكنىڭ رېڭى) بولۇپ. بىز «ئۇرۇمزۇن»دىكى «ئۇرۇم» بىلەن «ئوغۇزنامە»دىكى «...ئوڭ تەرەپتە ئالتۇنخانلىق... سول تەرەپتە ئۇرۇم خاقان بار ئىدى...» دېگەن تارىخى باياندىكى «ئۇرۇم»غا نەزەر سالساق «ئۇرۇم»نىڭ تىل يىلتىزىنى قېزىشقا بولغان ئىشتىياقىمىزنىڭ ئوتتەك يېلىنجاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز... بىز ھازىرمۇ، ئاياللار ۋە قىزلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ «ئۆرۈمچاچ» دەپ ئاتايمىز، بۇ يەردىكى «ئۆرۈم» چاچنىڭ توقۇلۇشىنى يەنى چاچنى ئۇزۇن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ بۇ ئۈچ بۆلەك چاچنى بىر-بىرىگە ئالماپ توقۇش ۋە ئۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇكىنكى «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ئۇرۇم»نىڭ يىلتىزداشلىقى شەكسىز بولۇپ، ھەتتا بۇ ئىككى مەنبەدىكى «ئۇرۇم» بىلەن «ئەھرىمەن دېۋە»دىكى «ئەھرىمەن» تېخىمۇ چوڭقۇر يىلدىزداشلىققا ئىگە بولۇپ، «ئاق ئۇرۇم» (ئەھرىمەن)-ئاق يىپەك دېگەنلىك، «ئەھرىمەن دېۋە»نىڭ تىل يىلدىزى «ئاق ئۇرۇم دەۋە» ئېنىقلىمىسىدا كەلگەن بولۇپ، «ئاق ئۇرۇم دەۋە»نىڭ سانسىز تارىخى تەكرارى «ئەھرىمەن دېۋە»دە موقۇملاشقان. كۆرۈش مۇمكىنكى «ئەھرىمەن دېۋە» (ئاقئۇرۇم دېۋە)نىڭ ھەقىقى مەنىسى ‹ئاق يىپەك كارۋانلىرى› دېگەن تارىخى مەنانى ئاشكارىلايدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «دەۋە» كۆپلۈك قوشۇمچىسى بولۇپمۇ كېلىدۇ دېگەن دەسلەپكى ئۇچۇرغا قاراڭ).

تارىختا ئىرانلارنىڭ تۇرانلارنى نېمە سەۋەپتىن «ئەھرىمەن دىۋە» دەپ ئاتىغانلىقىغا قاراپ باقايلى؛ قەدىكى تۇرانلار (ئۇرۇملۇقلار-ئۇيغۇرلار) ئۆزىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان يىپەك (ئۇرۇم) بويۇملىرىنى «چۆل كېمىسى» بولغان زور مەخلۇق ئەڭ ئېگىز تۆگە (دەۋە)گە ئارتىپ، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ تۆگىگە ئارتىلغان يۈك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ پارىس زېمىنى ۋە ئىران زېمىنىغا كىرگەندە، بۇ كارۋانلار توپى ئۇلارغا بەھەيۋەت ئاجايىپ ئېگىز كۆرۈنۈپ (ئادەم تۆگىگە مىنگەندە تۆگىنىڭ ئېگىزلىكى تېخىمۇ زىيادىلىشىپ كېتىدۇ) بۇ كارۋانلارنىڭ ئىنسان سىياقىدىن ھالقىغان ھالدىكى ھەيۋەت كۆرۈنىشىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىغان ھالدا ھەيران قېلىشقان... ئاخىرى ئۇلار ئىران بىلەن تۇراننىڭ كېيىنكى پەيدا بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك زىددىيىتى تۈپەيلى بۇ ‹ئاق يىپەك كارۋانلىرى› نى بەتبەشىرە «ئەھرىمەن دىۋە» سەلبى سىمۋولىغا موقۇملاشتۇردى... شۇ سەۋەپتىن، «شاھنامە»دە تۇرانلارنى كەمسىتىش تەرىزدىكى باياناتلاردا «ئەھرىمەن دىۋە» ئىشلىتىلگەن بولسا، «سام»نىڭ بالىسى («زال»)نى بېقىۋالغانلىقىدەك تۇرانلارنىڭ ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى كۆرگەندە ئۇلارنى «سۇمرۇغ» قىياپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ...

بىز ئۈچ مەنبە («شاھنامە»، «تارىخى خاتىرىلەر» ۋە «ئوغۇزنامە») دىن سۇمرۇغقا ئائىت قىسقىچە ئۇچۇرغا ئېگە بولىۋاتقان ۋاقىتىمىزدا ئىختىيارسىز ھالدا، ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى «ھۇمايۇن»ۋە «ئۇما»غا دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز؛ [قەدىمكى زاماندا چىن (بۇنىڭدىن 5500 يىل بۇرۇنقى «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ ئوغلىغا مەملىكەتنى ئۈچكە بۆلۈپ بېرىپ «ئۈچ قورىقان-ئۈچ چىن-ئۈچ قېرىنداش دۆلىتى» يەنى «ئۈچ خۇ- 三胡 (ئۈچ ھون)» («تارىخى خاتىرىلەر» 230-، 238-بەتلەر) دىن ئىبارەت ئوغۇزخان قۇرغان چىن دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ) مەملىتكىنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئۇنىڭ شانۇ-شەۋكىتى مەشرىقتىن مەغرىپكىچە تارالغان بولۇپ، بارلىق داڭلىق پادىشاھلار ئىتائەت ھالقىسىنى جان قۇلىقىغا سېلىپ ئۇنىڭ پەرمانىغا بوي سۇناتتى... بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى «ھۇمايۇن»...ئىدى...» («كەلىلە ۋە دىمنە» 1-2-بەتلەر)؛ [سانسكرىتچە «پۇرانا» دېگەن قەدىمكى تارىخى ھېكايىلەر توپلىمىدا <ھما> (قار پەرىسى) بىلەن كائىنات ئىلاھى <شىۋا>نىڭ ئاشىق-مەشۇق

بولۇپ تـوي قىلىشقانلىقى توغرىسىدا بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ...كېيىنكى زامانلاردا ھىندىستانلىقلار مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسەن <ھىما> پەرىگە چوقۇنغان، ئۇنى غايىۋانە كۈچ ھاسىل قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋولى قىلغان. ئۇلار بۇ پەرىنىڭ ئىسمىنى «ئۇما» («ھىما»)دەپ ئاتايتتى...] («بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى بىرىنچى نەشرى، 47 ـ 48 ـ بەتلەر). بىز ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى «ھۇمايۇن» ۋە «ئۇما» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ئۇما ـ ئانا. تۈبۈتچە.»، «ئۇما ـ ئۆيگە كەلگەن مېھمان. مېھمان كەلسە قۇت كېلەر...» (124 ـ بەت)نى سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق ئەجداتلىرىمىز ئەنئەنىسىدىكى «ھۇما ـ بەخت قۇشى»نىڭ دەل ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى سۇمرۇغنى نەزەردە تۇتىۋاتقانلىقىدەك تارىخى ئىزچىللىقنى بايقايمىز. ئۇنداقتا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نىمە ئۈچۈن ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بولغان سۇمرۇغقا «يۇن. يۇن قۇش ـ توز قۇشى» (3 ـ قىسىم 197 ـ بەت) دەپ ئىزاھات بېرىلىپ قالىدۇ. بىز «يۇن» ئاتالغۇسىنىڭ تەگ ئاساسىغا قارايدىغان بولساق، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئات بىلەن سۇمرۇغ ئاتالغۇسىنىڭ پەقەت بىر ئاخىرقى «د» تىل تاۋۇشى «يۇن. يۇن قۇش ـ توز قۇشى»، «يۇند ـ ئات، يىلقا» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ قىسىم 7 ـ بەت) بىلەن پەرىقلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئات بىلەن سۇمرۇغنىڭ قىسمەن تەن تۈزىلىشىدىكى ئورتاقلىقىغا قارايدىغان بولساق، يۇقۇرقى رەسىمدىكى سۇمرۇغنىڭ باش قىسمىدىكى پەيلىك تاجى قىسمى بىلەن ئات بوينىنىڭ يۇقۇر قىسمىدىكى ياللا بىلەن تامامەن ئوخشاش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىختا ھونلار تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى سۈپىتىدە ئات كۆندۈرگۈچى ۋە ئەڭ بۇرۇن ئات ئۈستىگە چىققان خەلق بولغاچقا ئاتنىڭ دۇلدۇلدەك يۈگرەش سۈرئىتىنى سۇمرۇغنىڭ ئۇچۇش تىزلىكىگە سېلىشتۇرما قىلىشمۇ «يۇن» بىلەن «يۇند»نىڭ تارىخىي ئورتاقلىقى بولسا كېرەك. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا توز قۇشىنىڭ «يۇن» دەپ ئىزاھلىنىپ قېلىشى، بىرىنچىدىن، سۇمرۇغنىڭ ئىككى ئۈزۈن قۇيرىقىنىڭ توزغا ئۆخشاپ قالغانلىقىدىن؛ ئىككىنچىدىن، 4000، 5000 يىللار مۇقەددەم تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاقلىشىپ سۇمرۇغ نەسلىنىڭ قۇرۇپ ئۇنى ئەسلەش مۈشكۈلچىلىكىدىن بولغان. غەرپ (ياۋرۇپا) مەنبەلىرىدە سۇمرۇغ (ھۇما) قۇشىنى ئوت قۇشى دەپ قارايدۇ. شۇ

سەۋەپتىن كىشىلەر سۇمرۇغ بالىسى («قەقنۇس»)نى ئوتتىن تۆرىلىدۇ دەيدۇ . بۇنىڭ ئىلمى دەلىلى شۇكى ئىنسانىيەت ئاتەشپەرەسلىك مەزگىلىدە كۈننى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئات بىلەن سۇمرۇغنى كۈنگە ئەگىشىپ تېز ئۇچقۇچى ۋە تېز يۈگۈرگىچى سانالغانلىقىدىن بولىشى مۇمكىن. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان تۇنجى ئوغلىغا «كۈن» ئىسمىنى قويىشىمۇ يۇقۇرقى دەلىلىمىزگە كۈچ بېغىشلايدۇ.

«هۇما» قۇشىنىڭ ئەركىكى «ئەنقا» ، چىشىسى «سۇمرۇغ» ، بالىسى «قەقنۇس» بولۇپ، ئەجداتلىرىمىز «هۇما» قۇشىنى «بەخت قۇشى» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ھەقىقى سىماسى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:

ئافرىقىنىڭ كېنىيە يايلىقىدىكى هۇما قۇشىنىڭ ئەركىكى ئەنقا رەسىمى (37)



ئافرىقىنىڭ كېنىيە يايلىقىدىكى هۇما قۇشىنىڭ چىشىسى سۇمرۇغ رەسىمى (38)



ئافرىقىنىڭ كېنىيە يايلىقىدىكى هۇما قۇشىنىڭ بالىسى قەقنۇس (39)



ئەگەر يۇقارقى ئەنقا، سۇمرۇغ ۋە قەقنۇسنىڭ بىرلەشمىسى «هۇما-بەخت قۇشى»دەپ قارالمىغاندا «تارىخى خاتىرىلەر» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 221-بەت)دىكى «مۇۋاك زاۋقۇغا هارۋا هەيدىتىپ ... شىۋاڭمۇ (西王母-غەربىي خان ئانا) بىلەن...» كۆرۈشمەس ئىدى... مانا بۇ «西王母» (ئۇماي) ئانا، ئەڭ قەدىمكى رىقابەتچان ئىككى خەلق هونلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ تارىخنامىلەردە داۋاملاشقان بىر-بىرىگە قىلىشقان كىنايە ئىزچىللىقىدۇر...

4- ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبە بىردەكلىكى ئاساسىدىكى «رۇڭ» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

«تارىخى خاتىرىلەر»، «خەننامە» ۋە «كونا تاڭ نامە»دىكى ھون نامىنىڭ ھەرخىل ئاتىلىشى ھەم بىز ئوتتۇرغا قويغان يۇقارقى تەپسىلاتلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ھونلارنىڭ نامى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار تىلىدا نەچچە ئون خىل ئاتالغان بولسىمۇ، بۇ خىل نامنى ئاساسەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى ھونلارنىڭ قۇت بەلگىسى بويىچە ئاتالغان «يۈن» (سۇمرۇغ) نامى؛ يەنە بىرى ھونلارنىڭ زىمىن تەۋەلىكى بويىچە ياكى ئېتنىك كېلىپ چىقىشى بويىچە ئاتالغان «رۇڭ» نامىدۇر. بىز ھونلارنىڭ «يۈن» دىن ئىبارەت قۇت بەلگىسى بويىچە ئاتالغانلىقىنى يۇقۇرقى يەتتە دەلىلىمىز ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. ئەمدى ھونلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى يەنە بىر چوڭ ئاتالغۇ «رۇڭ» نامىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى دەلىللەيمىز.

ھونلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى يەنە بىر چوڭ ئاتالغۇ «رۇڭ»نىڭ كېلىش مەنبەسىنى «ئوغۇزنامە»دىكى «...سول تەرەپتە ئۇرۇم خاقان بار ئىدى...» دېگەن «ئۇرۇم» بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق دەپ ئېزدەنگىنىمىزدە، «رۇڭ»دىن ئىبارەت بىر بوغۇملۇق تىل تاۋۇشى «ئۇرۇم»نىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بايقايمىز.

بىز «ئوغۇزنامە»دىلا «ئۇرۇم» ئاتالغۇسىنى كۆرۈپ قالماي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەزگىزى «ئۇرۇمچى»نامىنىڭمۇ تارىختا «ئۇرۇمتاي» ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلما نامى «رۇمتاي(لۇن تەي)» («دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى ھەققىدە» 2-بەت) ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، تەبىئىي ھالدا «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لوغىتى» (202-بەت)تىكى « 仑头国» (ئۇرۇم تاي بەگلىكى)نى ئەسلەش بىلەن بىرگە، «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ يۇرۇش لىنىيەسىنىڭ سول تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان «ئۇرۇم»نىڭ ماھىيەتتە جۇڭغار ۋە تارىم ئويمانلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلىمىز. شۇنداقلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمدە «كىن ئۇرۇم» (مەركىزى يىپەك دۆلىتى)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ «ئۇرۇمتاي» (كىچىك يىپەك دۆلىتى) ئىكەنلىكىنى «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى شەخسكە باغلانغان «كىن ئۈگچۈر»دىكى «كىن» ۋە

«شاھنامە»دىكى ئىككى قېتىم تەكرارلانغان «كىن»نىڭ شەكسىز ھالدا «كىن ئۇرۇم»دىكى «كىن»نى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىمىز. بۈگۈنكى كۈندىكى «كۇئىنلۇن تاغلىرى» (昆仑山)دىكى كۇئىنلۇن ۋە «كىروران» بىز خەنزۇلاردىن قوبۇل قىلغان ئىككەمچى ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئەسلى ئەجدادىمىزنىڭ تىلىدا «كىن ئۇرۇم »دەپ ئاتالغان بولسا، خەنزۇلار ئۇنى «昆仑» دەپ ترانسپكسىيە قىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇنى يەنە خەنزۇلاردىن قوبۇل قىلىپ «كۇئىنلۇن» ئىككىلەمچى ئاتالغۇسىغا ئايلاندۇرىۋالغان.

دىمەككى، «ئۇرۇم» ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى «رۇم»نىڭ خەنزۇچە ترانسپكسىيىسى «رۇڭ» ھونلارنىڭ توپنومىيىلىك پاسىل ئېنىقلىمىسى بولۇپلا قالماي، ئېنىق موھىمى «رۇڭ» ھونلارنىڭ ئېتنىك مەنبە روشەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ بىباھا قىممەتكە ئىگە.

## 5- خەنزۇلار بىلەن ھونلارنىڭ قېرىنداشلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر

بىرىنچى دەلىل، ھونلار بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، خۇنەندىن 7800 يىل بۇرۇنقى سۇمرۇغ سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن ساپال بويۇمنىڭ بايقىلىشى بۇنىڭ ماددى پاكىتى بولالايدۇ. بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە مىڭ يىللار ئىلگىرى تارىم، جۇڭغارنىڭ چەكسىز سازلىق، ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە ئېكىنزارلىق ئېكولوگىيىلىك ئەۋزەل شارائىتىدا ئەللىك-ئاتمىش مىليون ئىنسانى بېقىش شارائىتىغا ئىگە ئىدى. «ئوغۇزنامە»دە «... سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ خاقاننىڭ لەشكەرلىرى ۋە شەھەرلىرى نۇرغۇن ئىدى...»دىكى «...شەھەرلىرى نۇرغۇن ئىدى...» دېگەن بايانغا قارىساق، تارىم ۋە جۇڭغار ئېكولوگىيىسىنىڭ قەدىمدە باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئەلالىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. مانا مۇشۇنداق «شەھەرلىرى كۆپ» بولغان «ئۇرۇم»لىقلارنىڭ سەيياھ ۋە سودىگەر سۈپىتىدە باشقا ئەللەرگە بېرىشى تۇرغانلا گەپ. يەتتە مىڭ يىلدىن ئارتۇق خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرغان ئىككى ئېتنىك مەنبەدىكى ئىككى ئىنسان توپىنىڭ تەبىئىي يوسۇندا بىر-بىرىگە سىڭىشىشى ئەلۋەتتە تارىخى مەنتىقىگە زىت ئەمەس.

ئىككىنچى دەلىل، بىز «تارىخى خاتىرىلەر»گە ۋە «خەننامە»گە قارايدىغان بولساق هونغا ۋە هۇننىڭ ئەۋلادىغا مۇناسىۋەتلىك نەچچە مىڭلىغان كىشىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ئاساسەن خەنزۇچە ئىسىم بىلەن ئاتالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئاسسىمۇلاتسىيە جەريانىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئۈچىنچى دەلىل، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ هونلارنىڭ ئىزدېرەكسىز يوقالغانلىقىغا قاراپ «هونلار نەگە كەتتى؟» دېگەن خىتابى سوئالىغا... ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنى بارماق ئىشارىسى بىلەن كۆرسىتىپ «هونلار مانا بۇ يەردە » دەپ جاۋاپ بېرىشىمىز مۇمكىن. سەۋەپ شۇكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى هەرقايسى پادىشاھلىقتا ئەل بولغان هونلارنىڭ سانىنى «تارىخى خاتىرىلەر»، «خەننامە» ۋە «كونا تاڭنامە»دىن تەخمىنى ئېنىقلىساقمۇ بىر مىليۇندىن ئېشىپ كېتىدۇ... ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى بىر مىليۇن نوپۇسىنىڭ بۈگۈنكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ۋارىيانتىنىڭ 100 مىليۇندىن كام ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس.
تۆتىنچى دەلىل، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا خەنزۇلارنىڭ ئىشلىتىۋاتقان فامىلىسى 11 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ فامىلىسى ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. بىز تارىخى مەنبەلەردىكى هونلارغا مۇناسىۋەتلىك فامىلىنى ئېنىقلايدىغان بولساق مىڭدىن ئارتۇق فامىلە هونلار ئەۋلادى بولۇپ چىقىدۇ. بۈگۈنكى زاماندىكى تىببىي ئىلىمنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىرسىيەت ئىلمىدىكى «د ن ئا» ئېنىقلىمىسىنىڭ بارغانسىرى روشەنلىشىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇ 11 مىڭ فامىلە ئېگىسى يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزىگە قايتىدىن ئېتىنىك تامغىسى بېسىشى مۇمكىن.

## 6- هونلارنىڭ ئەجدادى «ئۇرۇم» (ئۇيغۇر)لار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئوغۇزلار

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» دېگەن تەتقىقات ماقالىسىنىڭ قانداق مۇددىئا ۋە قانداق مەقسەتتە يېزىلغانلىقىدىن نۇرغۇنلىغان

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەۋىرى بولمىسا كېرەك. مەرھۇم ئالىمنىڭ بۇ كاتتا ئەمگىكى «چىن» ۋە «ماچىن» ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ تۈنجى سىگنالى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلغۇچىلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولدى. بۇ بوشلۇقنىڭ يەنىلا ئاسقۇدا تۇرىۋېرىشى ھەممىمىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ئەلۋەتتە... بۇ ئەپسۇسلۇق پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن 3600 يىل بۇرۇنقى (ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ ھۆكمى بويىچە) ئەڭ قەدىمقى تارىخىنى ۋە ئەڭ قەدىمكى ئەجدادىنى يورۇتۇپ بېرىش مەسىلىسى ئىدى...

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان ئالتە ئوغلىغا «يا ئوقنى قاياققا توغرىلىسا ئوق شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ...» ھېكمىتى بىلەن ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى ئۈچكە بۆلۈپ دەسلەپكى ئۈچ ئوغلىنى «يا»غا ئوخشىتىپ، كېيىنكى ئۈچ ئوغلىنى «ئوق»قا ئوخشىتىپ، دەسلەپكى ئۈچ ئوغلىنى پادىشاھ، كېيىنكى ئۈچ ئوغلىنى ۋەزىر (دەسلەپكى ئۈچ ئوغلىغا بويسۇنغۇچى) تەزىرىدە ئۈچ پادىشاھلىققا بۆلۈۋەتكەن. بۇ ئەڭ قەدىمكى تارىخىمىزدىكى «ئۈچ چىن» («ئۈچ قورىقان») ـ ئۈچ قېرىنداش دۆلىتى ئىدى... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» دېگەن بۇ تەتقىقات دەل ئەشۇ تارىختىكى «ئۈچ چىن»نىڭ ئىككىسى بولۇپ، يەنە بىر «چىن» ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان. ئەسلى ئوغۇزخان تەرىپىدىن ئۈچ ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن بۇ ئۈچ پارچە زېمىننىڭ بىرى غەرپتە، يەنە بىرى شەرقتە، ئۈچىنچى بىرى دەل ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا : «يۇقۇرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن...» (1 ـ قىسىم، 592 ـ بەت «ئۈچ قىسىملىق ‹تۈركىي تىللار دىۋانى» دەسلەپكى نەشرى»)دىن ئىبارەت «ئۈچ چىن» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ «ئۈچ چىن»نىڭ جايلىشىش ئورنىغا ئاساسەن ئەڭ غەرپتىكىسى تارىختا «ماچىن» (مۇرچىن ـ قاراچىن) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭ داۋاملاشقان شاھلىرى تارىختا قاراخان نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن. ئەڭ شەرقتىكىسى «تاڭ چىن» («داڭ چىن ـ كۈن چىقىش تەرەپتىكى چىن) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭ شاھلىرى تارىختا «تاڭ غۇز» (توگغۇس ـ شەرقتىكى ئوغۇزلار) نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن. ئوتتۇردىكىسى «ئار چىن» (چىن) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭ شاھلىرى

«چىن» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن... بۇ «ئۇچ چىن» تارىختا «ئۇچ قورىقان»، «قورىقان» (قورىغار) دەپمۇ ئاتالغان...
«ئوغۇزنامە»دە يەنە ئوغۇزخان «ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن خانلىق (ئۇيسۇنلار) بىلەن «سول تەرەپتىكى «ئۇرۇم»نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ «ئۇيسۇنلار» (ئالتۇن خانلىق)نى باشقۇرۇشنى ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆزىگە بەرمەي ئەكسىچە ئىنتايىن يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن «ئۇرۇم»لىقلارنىڭ جەڭگىۋار ھەربى قىسمى «يۇن» (ھون)لارنى شەرققە يۆتكىگەن. «ئۇرۇم»لىقلارنى ئىدارە قىلىش ئۇچۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئەمىنلىكى ئۇچۇن «ئۇرۇمتاي»لارنىڭ جەڭگىۋار قىسمىغا «ساقلاپ» (ساك) نامىنى بېرىپ غەرپكە يۆتكىگەن.
ئۇيغۇر نامىنى ئوغۇزخان قويغانىكەن، ئوغۇزخاننى مۇئەييەن زامان ھالقىسىغا ئېگە قىلىش، ئۇيغۇر نامىنىڭ قويۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنلەشتىكى بىردىن ـ بىر توغرا ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن ئەبۇل غازى باھادىرخان بىلەن مۆجىزى ئوغۇزخاننىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدە توختۇلۇپ، بىرى: «ئەجداتلىرىمىز بۇ زېمىندا ياشاۋاتقىنىغا ئالتە مىڭ يىلدىن ئاشتى» («تەۋارىخى مۇسقىييۇن»، 51ـ بەت) دېسە؛ يەنە بىرى: «ئوغۇزخان بەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن.» دېگەن قاراشنى ئالغا سۈردى. بىرى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ ياشىغان دەۋرى مىلادى 7 ـ ئەسىرنى بەلگىلەپ قىلغان بولسا، يەنە بىرى، مىلادى 16 ـ ئەسىرنى بەلگىلەپ قىلغان. ئەگەر بىز 7 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى تۆت مىڭ يىل دەپ قارىساق، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3400 يىل بىلەن مىلادىدىن كېيىنكى 2012 نى قوشساق 5412 يىل بولىدۇ؛ 16 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئالتە مىڭ يىل بىلەن 16 ـ ئەسىردىن كېيىنكى 500 يىلنى قوشساق 6500 بولۇپ قالىدۇ ـ دە ئىككىسىنىڭ قارىشىدا 1100 يىل پەرق شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراش ئىچىدە، ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ ئوغۇزخاننى 5412 يىل مۇقەددەم قىلىپ تەخمىنلىشى، تۈركى مىللەتلىرى تارىخىدىكى شاھلار نەسەبىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىنى تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆچىگە ئېگە قىلغان:

«شاھ مەلىكىنىڭ... باشچىلىقىدا ئىراققا كەتكەن سالۇر خەلقى كۆپ يىللار ئۇ يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇگۇرجىق ئاتلىق بىر ئېسىل يىگىت پەيدا بولدى. تۈركمەنلەرنىڭ تارىخ بىلىدىغان كىشىلىرى

ئۇگۇرجىق ئالپنى ئون ئالتە ئەۋلاد ئاۋۋالقى ئوغۇزخانغا ئۇلاشتۇرۇپ شۇنداق سانايدۇكى: ئۇگۇرجىق ئالپ،... قازان ئالپ... تاغ خان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئوغۇزخان. بۇ سۆز تامامەن يالغاندۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئوغۇز زامانىدىن تا بۇ ۋاقىتقا قەدەر بەش مىڭ يىل ئۆتتى. ئۇگۇرجىق زامانىدىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بەش يۈز يىل، ئالتە يۈز يىل ئۆتتى. ئوغۇز بىلەن ئۇگۇرجىقنىڭ ئارىسى تۆتمىڭ تۆت يۈز يىل. ئون ئالتە ئەۋلاد تۆت يۈز يىلدا، ھەرقانچە بولسمۇ تۆت يۈز ئەللىك يىلدا ئۆتۈپ بولىدۇ. خوش، ئۇگۇرجىقنىڭ قالغان تۆت مىڭ يىلدا ئۆتكەن ئاتىلىرىنىڭ ئىتى قېنى؟ بۇ يېزىلغان ئون ئالتە كىشىنىڭ ئوغۇز ئوغۇللىرى بولغىنى توغرا ۋە ئۇگۇرجىقنىڭ ئاتىلىرى بولغىنمۇ توغرا. ئەمما قايسى كىشى قوۋم ئىچىدە مەشھۇر بولسا شۇ كىشىنى يازغاندۇر. ئاللاھ بىلىدۇكى، بۇ يېزىلغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا ئون بەش ۋەيا يىگىرمە كىشىنىڭ ئىتى يېزىلماي قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ئوغۇز بىلەن ئۇگۇرجىقنىڭ ئارىسىدا تۆت مىڭ تۆت يۈز يىل ئۆتكەن. ھەرمىڭ يىلدا قىرىق ئەۋلاد ياشاپ ئۆتسە، ئىككى يۈز ئەۋلات ئۆتكەن بولىدۇ. بەس، بۇمۇ يالغانچىلىق بولامۇ؟ ... ئوغۇزخان بەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن. قازان ئالپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن ئۆتكەندى. ياشانغان چېغىدا مەككىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھالدا سالۇر قازان ئالتە ئەۋلادتا ئوغۇزخانغا قانداق ئۇلىشار؟ يەنە سالۇر قازان قايى قورقۇت ئاتا بىلەن بىر زاماندا ئىدى...» («شەجەرەئى تەراكىمە»، «بۇلاق»، 1999ـ يىللىق 3ـ سان، 115ـ116ـ بەت).

ئەبۇل غازى باھادىرخان ئوغۇزخاننىڭ دەۋران سۈرگەن پەيتىنى ئۆزى ياشىغان دەۋر (مىلادى 17ـ ئەسىر)دىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرى قىلىپ كۆرسىتىشىدە نېمىنى ئاساس قىلغانلىقىنى پەرىق قىلالمىغان تەتقىقاتلىچىلار، بۇ خىل ھۆكۈمنى ئاساسسىز، دەلىلى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس دەپ گۇمانلاندى. نامازنى تەرك قىلمايدىغان، تەرەت ئېلىپ پاكلانغاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، يېزىقچىلىققا تۇتۇنىدىغان ئەبۇل غازى باھادىرخاندەك مۆتىۋەر دۆلەت ئەربابىنىڭ «ئاللاھ بىلىدۇكى» دېگەن سۆزىنىڭ قانداق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققىدىغانلىقىنى ھەرقانداق كىشى پەرەز قىلالايدۇ ـ ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى

قاراشلىرىنىڭ ئاساسى ھۆلى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئېھتىمال:

بىرىنچى، ئەبۇل غازى باھادىرخان شاھ ئەۋلادى بولغاچقا، تۈركى مىللەتلىرى تارىخىدا ئۆتكەن شاھلار تارىخى، نەسەپ خاتىرىسى تەرىزدە ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئەشۇ ماتېرىيالنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئەبۇل غازى باھادىرخان، ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن يىللار ھىساۋىنى ئاساس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «شاھنامە»نىڭ مۇقەددىمە ئىلاۋىسى ئۈچۈن يېزىلغان («شاھنامە»نىڭ تېماتىكىسى ۋە تۈزۈلۈشى)دە، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ: « ‹شاھنامە› چوڭ ھەجىملىك داستانلار تۈركۈمى بولۇپ... مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223- يىلىدىن مىلادىنىڭ 651-يىلىغىچە... بولغان 3874 يىللىق رىۋايەت ۋە ھېكايەت سۆزلەنگەن.» («شاھنامە»، 3- بەت) دېگەن سۆزىدىكى، «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3223 يىل» بىلەن ئەبۇل غازى باھادىرخانىنىڭ ۋاستىلىق ھالدا، ئوغۇزخان مىلادىدىن 3400 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن دېگەن سانلىق مەلۇمات 177 يىل پەرىق بىلەن، ئىككىلا شەخسنىڭ يىل ھىساۋى ئاساسەن بىردەك. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يات قەۋم ۋە يات ئەلدىن «سىندۇ»، «تاڭغۇت» ۋە «شاغام» تەرەپلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. دېمەك، ئوغۇزخان ئىران زىمىنىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىت، ئىراننىڭ مىلادىدىن 3223- يىللار ئىلگىرىكى تۇنجى پادىشاسى «كەيۇمەرس» سەلتەنەتى بولۇپ، ئۇرۇشتا «كەيۇمەرس»نىڭ شاھزادىسى سىيامەك ھالاك بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئىرانلىقلارنىڭ ئوغۇزلارغا قويغان ھاقارەتلىك نامىنىڭ «ئەھرىمەن دىۋە» ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئوغۇزلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ئىران، پارىسلارغا تۇنجى قېتىم تەسىر كۆرسىتىش جەريانى بولۇش مۇمكىنلىكىنى يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۈچىنچىدىن، ئەبۇل غازى باھادىرخان «ئوغۇزنامە»دىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، بولۇپمۇ ئۇرۇش قوراللىرى ھەققىدىكى تەسۋىر ئارقىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئۆزىدىن ياشىغان دەۋردىن 4600 يىل ئىلگىرىكى باسقۇچىنى كۆرۈپ يېتەلىگەنلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

تۈركى خەلقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن تارىخنامىللىرى بىلەن مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن شەكىللىنىشكە باشلىغان تارىخى داستانلاردا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتكەن؛ تارىخنامىلەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئىنسانىنىڭ يارىلىشىغا ئائىت تەپسىلاتلار بېرىلگەندىن سىرت، ئىنسان ئىپتىداسىدىكى مۇئەييەن قەبىلە ۋە مىللەت يىلتىزىنى، ياراتقۇچىنىڭ ئەلچىلىرى (پەيغەمبەرلىرى)گە باغلىغان بولسا؛ تارىخى داستانلاردا ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن ھالقىسى يورۇتىلغان. تارىخى داستانلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە ئىنسانىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى تىل شەكىللەنگەندىن كېيىنلا باشلانغانلىقىنى، شۇنداقلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنامىلەردىن تولىمۇ مۇقەددەملىكى ۋە چىنلىقىنى ئىپادا قىلىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئومۇمى مەزمۇنىدا ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى قىلچە تىلغا ئېلىنماي، ئەكسىچە، ئوغۇزخانىنىڭ ئانىسى بولغان «ئايخان» دېگەن ئىسمىغا «ئاي» بىلەن «خان» (پادىشاھ) نامى قوشۇلۇپ، ئايال زاتىنىڭ پادىشا بولغانلىقىدەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەك ئاخىرقى باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «... بىر كۈنى ئايخانىنىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى... بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ ئەممىدى.» دېگەن بايان ئارقىلىق «ئوغۇزخان» ئانا ئۇرۇقى جامائەسىگە ئىسيانكارلىق يولىنى تۇتقان. تارىختىن رىياللىقىچە، جانلىقلار دۇنياسىدىن ئاگلىق ئىنسانلارغىچە، ئانىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، بىر قېتىم ئېمىپلا قايتا ئېمىشنى رەت قىلىپ، ئانىغا ۋاپاسىزلىق ۋە تۇزكورلۇق قىلغان ئوغۇلنى پەقەت ۋەپەقەت «ئوغۇزنامە»دىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇ، رىيال تۇرمۇشتا كۆرۈلىشى مۇتلەق مومكىن بولمايدىغان، بولۇپمۇ، ئەمدىلا تۇغۇلغان ئاڭسىز بوۋاقلاردا تېخىمۇ كۆرۈلمەيدىغان ھادىسە. بۇ بايان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئاتا ئۇرۇقى جامائە ھوكۇمرانلىقىغا ئۆتىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئەملى قىممىتى يوق. بۇ مۇناسىۋەتتە، ئەجداتلىرىمىزنى «ئوغۇزنامە»

داستاندا، بەدئىي ئىپادىلەش جەھەتتە يۈسەك پەللە ياراتقان تىل ئۇستىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى بىرلا قېتىم ئېمىپ، قايتا ئېمىشنى رەت قىلغان ئوغۇلغا «ئوغۇز» دەپ ئىسىم قويۇش بولسا كېرەك. بۇ، ئوغۇل ئانا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىنى كەسكىن رەت قىلىسىمۇ، ماھىيەتتە، گىن، ئىرسىيەت ۋە ئۇدۇم ئۇلاش قىممىتىدە، ئەجداتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، «ئوغۇز» تېخىمۇ ئۇلۇغلانغان ھالدا، «ئوغۇزخان»دەپ ئاتالغان بولىشى مۇمكىن. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى: «... كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران... ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرى چىقتى... ئوغۇز خاقان ئەركەك بۆرىنىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا يول باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ شاتلاندى...» قاتارلىق بايانلاردىكى بۆرە تۇتىمى ئارقىلىق «ئوغۇزخان»، ئانا ئۇرۇقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى «... ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى؛ ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق<بۇ قۇرنىڭ ئاستىغا بىر كالىنىڭ رەسىمى سىزىلغان> شۇندىن كېيىن شاتلىققا مۇيەسسەر بولدى...» دېگەن- رايىش، يۇۋاش ئوتخور ھايۋان كالىنىڭ سىياقىدىن ھالقىپ، گۆشخور، يىرتقۇچ بۆرە سىياقىغا كىرگەنلىكىدە. دېمىسىمۇ، ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تىنچلىق مەزگىلى؛ خۇددى كالىنىڭ سۈت بەرگىنىگە ئوخشاش ئىنسانىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە ئۇنىڭ تولۇق يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇقلۇق يەتكۈزگۈچى پەرىشتە سۈپەتلىكى؛ ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ھۆكۈمرانلىقى دېيىلگەندە- ئەرلەر ۋە ئاتىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى، غەيۇر ۋە كۈچتۈڭگۈرلىكى، خۇددى بۆرىگە ئوخشاش يىرتقۇچ، ئۈۋلىغۇچى ۋە بويسۇندۇرغۇچى رەۋىشتە بولىشى تەبىئىي. ئۇنداق بولمىغاندا، «ئوغۇزخان» قەھرىلىك ئەر (كۆك بۆرە) سۈپەت، دەبدەبىلىك تۇنجى يۈرىشنى باشلىماس ئىدى. بۇ جەھەتتە، «ئوغۇزنامە» نى نوقۇل رىۋايەت ۋە ئېپوس پۈچەكلىكىدىن، تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىدىن ئاتا ئۇرۇقى جامائە تۈزۈمىگە ئۆتۈپ، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەجدات سالاھىتى ھازىرلانغان، ئەڭ قەدىمى ئېتنىك قامۇس يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ئوبىكتىپ تارىخى ھەقىقەت. كونا تاش قۇرال دەۋرى ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ پادىلىق ئىجتىمائى تۈزۈمىنى

ئەكىس ئەتتۇرسە، يېڭى تاش قۇرال دەۋرى ۋە قىسمەن سانجىغۇچى قۇراللار ("جىدا" -تاش، سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان قىسقا قوزۇقسىمان نەيزە)نىڭ ياسىلىشى، ئوقيا، بال-بال قورچاقلار، ھەم قىسمەن يۇۋاش، رايىش (قوي،كالا پادىلىرى) ھايۋانلارنىڭ تۇنجى قەدەمدە كۆندۈرۈلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىنىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئانا ئۇرۇق جامائەسى ئىجتىمائى تۈزۈمىنى ئەكىس ئەتتۇرىدۇ. سىپتا تاش قۇراللار بىلەن تۇچ قۇراللار (ئېنېلوئىت)، ئالتۇن بويۇملار بىلەن مىس ۋە تۇچ قۇراللار (بىرونزا) ۋە ئاندا- ساندا تۆمۈر قۇراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى، جۈملىدىن چارۋىچىلىق كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ياۋىلىغى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئاتىنىڭ كۆندۈرۈلىشى قەدىمقى مەركىزى ئاسىيا تۈركى مىللەتلىرى ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئىجتىمائى تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى روشەن بەلگىلىرىدىن ئىدى.

«ئوغۇزنامە»دىكى: «...ئوغۇز خاقان...قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى... نەيزە، ئوق، يا، قىلىچ، قالقان ئېلىپ ئاتلاندى... قىئات... گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى...» دېگەن قۇرال- ياراق تەپسىلاتىدىن، ئوغۇزلارنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ نەيزە، ئوق، يا، قىلىچ ۋە قالقانلارنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى، پەقەتلا تاياق ئۇچىغا بېكىتىلگەن تاش، سۆڭەك، تۇچ ۋە مىستىن سىلىقلاپ (سۈركەپ) ئۇچلانغان نەيزىنى ئىشلىتىشلا ئەمەس، بەلكى، ئەڭ ئۆتكۈر تۆمۈر نەيزىنىڭ تۇنجى ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن ئوغۇزخان ئۇنى بەدىنى تۆمۈردەك قاتتىق چوڭ ھايۋان قىئاتقا ئىشلىتىش سىنىقى ئېلىپ بارغان. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوغۇزخان «... تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان...» دېگەن شۇئارنى توۋلىمىغان بولاتتى. قىممەت نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئالتۇن بىرىنچى ئورۇندا، كۆمۈش ۋە مىس ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ئورۇندا. ئەمما، «ئوغۇزنامە»دىكى «... بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۆمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى...» تەسۋىرىدىن: ئالتۇن، كۆمۈشنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى، ئالتۇن، كۆمۈشتىن تۆمۈرنىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارلىغىدەك تۆمۈر قەھەتچىلىكى ئەكىس ئەتكەن. شۇڭا، «ئوغۇزنامە»دە ئالتۇن-زەرگەر ئۇستىسى تىلغا ئېلىنماي، «...تۆمۈر دوقاغۇل...»نى تۆمۈرچى تەرىزدە ئالاھىدا تىلغا ئالغان. «ئوغۇزنامە»دىكى «...ئوغۇزخان بىر چىپار ئايغىر

ئاتقا مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كۆزدىن يۇتتى... مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۇزۇنغىچە ئازاپ چەكتى.» دىگەن بۇ باياننى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى: "پادىشا مىنگەن ئاتنىڭ قىچىپ كىتىشى ھىچ ئەقىلغا سىغمايدىغان ھادىسە" دىيىشى تۇرغانلا گەپ. دىمىسىمۇ، نەچچە ئون مىڭ ئارغىماقلار ئىچىدىن تاللىنىپ قانچىلىغان سىناقلاردىن ئۆتۈپ، «شاھ تۇلپىرى» سالاھىتىگە ئىرىشكەن ئات، ئالدىدا تۇرغان مول يەم- خەشەككىمۇ پەرۋا قىلماي، «مۇزتاغ ئىچىگە» قىچىپ كىرىپ كىتىشى كىشىنى تەئەججۇپلەندۈرمەي قالمايدۇ. ناھايىتى ئىنىقكى، بۇ ئات ئەمدىلا كۆندۈرۈلگەن، بىپايان يايلاقنى كۆرگەندە تۇۋۇقى قىزىپ، كىشنەپ ۋە چاپچىپ، يىشىل يايلاقلاردا يايلىغانلىرىنى ئۇنتىيالمىغان ياۋا ئاتتۇر.

تارىخشۇناسلارنىڭ: «ئاتا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جامائە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن» دەپ تەخمىنلىشى، «ئوغۇزنامە»نىڭ يۇقارقى ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى تەسۋىرى بىلەن تامامەن بىردەك. ئەمدىلىكتە، ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ «ئوغۇزخان پەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن» دىگەن ھۆكمىنىڭ ھەقىقى ۋەزنىنى تولىمۇ كىچىككىنە چۈشەنگەندەك قىلىمىز.

ئۇيغۇر نامىنى ئوغۇزخان شەخسەن ئۆزى قويغان تۇرۇقلۇق، بۇ مۇبارەك نام نىمە ئۈچۈن ئۇغۇزلارنىڭ 22 قەبىلىسى، ياكى توققۇز ئوغۇزلارغا تەئەللۇق بولماي، «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولۇپ قالىدۇ ؟ بۇ سۇئالغا ئىككى خىل چۈشەنچە بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاپقا ئىرىشىشىمىز مۇمكىن. بىرى، ئوغۇز خاقان تۆت تەرەپكە «مەكتۇپ» ئەۋەتكەندە، ئوڭ تەرەپتىكى «ئالتۇن خاقان» قارشىلىقسىزلا دوسلۇقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما، سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان قارشىلىق بىلدۈردى. ئوغۇز خاقان دەل ئەشۇ «ئۇرۇم خاقان» ۋە «ئۇرۇم» خەلقىنى خۇددى «قور- كۆنەلگە»دەك ئويۇتتۇرۇش مەخسىدىدە ئۇلۇغ يۈرۈشكە ئاتلانغان. مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر نامى «ئۇرۇم»لارغا تەئەلللۇق بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن. يەنە بىرى، بىز «ئوغۇزنامە»دىكى مۇنۇ بايانغا قارىساق مەسىلە ناھايىتى ئىنىق چۈشۈنىشلىك بولۇپ قالىدۇ: «... ئوغۇز خاقاننىڭ يىنىدا ئاق ساقاللىق،

مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قىرى كىشى بار ئىدى. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۆمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۈچ كۆمۈش ئوقنىڭ ئۇچى شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى... ئوغۇز خاقان... ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى: ‹ھەي ئاكىلار (كۈن، ئاي، يۇلتۇز)، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن› ... ئوغۇز خاقان... ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى: ‹ھەي ئىنىلەر (ئاسمان، تاغ، دېڭىز)، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش (ياغا بويسۇنۇڭلار)› ... ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى».

ئوغۇز خاقاننىڭ «يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بويسۇنۇڭلار» دېگەن بۇ سۆزىدىن، بارلىق زېمىننى ئۈچ قىسمغا بۆلۈپ («يۇقۇرى چىن، ئوتتۇرا چىن ‹ئارچىن›، تۆۋەن چىن ‹ماچىن›)نى («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1- قىسىم، 592- بەت) ئۈچ ئوغلى (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز)غا بەرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ «ئۈچ چىن»نىڭ ئىككىسى («تۆۋەن چىن» بىلەن «ئارچىن») «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم» تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئوغۇز خاقاننىڭ ئىككى ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەنكە، قالغان بىر ئوغلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر نامى ئىككى ئوغلىغا (كۆپ سانلىقتا) تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىز «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم»نىڭ ھازىرقى تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەلىللىمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنى «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران»غا تەئەللۇق قىلىپ قويىشىمىز ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ.

«ئوغۇزنامە»نى نەشرگە تەييارلىغۇچى گېلك شىمىن بىلەن تۇرسۇن ئايۇپ، «ئۇرۇم» ئاتالغۇسىغا سەۋەپسىزلا «شەرقى رىم»نى كۆرسىتىدۇ- دەپ، ئاددى ھالدىلا ئىزاھات بېرىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە «ئۇرۇم» ئاتالغۇسى «ئوغۇزنامە»دىكى «ئالتۇن خاقان» (ئۇيسۇن) نامى بىلەن يانداش ۋە ئايرىلماس قوش گېزەك، ۋەزنى ئەڭ ئېغىر، زور تارىخى ئاتالغۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇز خاقان ئۇلۇق يۈرىشىنىڭ بىردىن- بىر مەقسىدى، ئوغۇزلار بىلەن ئالتۇن خاقان (ئۇيسۇن) ۋە «ئۇرۇم»نىڭ ئېتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى يىلتىز بىردەكلىكى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ تارىخى ھەمدەملىكىنى

قولغا كەلتۈرۈش. ئوغۇز (تۈركى) قەۋملىرىنىڭ قەدىمكى شەرقى رىمدىكى ئىتالىيانلار بىلەن قىلچىمۇ تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئوغۇز قەۋملىرى ئىتتىپاقىغا «ئۈچ قورىقان» (ئۈچ قېرىنداش~三骨利斡) ۋە «قورىقان» (骨利斡) شەكلىدە كىرگۈزۈش تولىمۇ گۆدەكلىك. ئوغۇز خاقان يۈرۈش لىنيەسىنىڭ ئوك ۋە سول تەرىپىدە «ئالتۇن خاقان» ۋە «ئۇرۇم خاقان» بولۇپ، «ئۇرۇم»نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سول تەرەپكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا «ئوغۇزنامە»دە «سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خاقان بار ئىدى» دېيىلگەن. شەرقى رىم ئوغۇزخان يۈرۈش لىنيەسىنىڭ سول تەرىپكە توغرا كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوغۇزنامە»دە پۈتكۈل ئوغۇز (تۈركى) قەۋملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈرۈشلىرى تەپسىلى سۆزلەنگەن بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئۇرۇش تەپسىلى بېرىلمەي، پەقەت «سىندۇ، تاڭغۇر، شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى.» دېگەن ئازغىنە قىستۇرما بايان كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا «ئۇرۇم» ھەرگىزمۇ «شەرقى رىم»نى كۆرسەتمەستىن، بەلكى شەكسىز ھالدا ھازىرقى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئويمانلىق بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا «ئۇرۇم» دۆلىتى (يىپەك دۆلىتى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى «كىن ئۇرۇم»-مەركىزى يىپەك دۆلىتى («كىروران خانلىقى ~ 楼兰国») («خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لۇغىتى»، 199-بەت)، جۇڭغار ئويمانلىقى «ئۇرۇمتاي»-كىچىك يىپەك دۆلىتى («ئۇرۇمتاي خانلىقى~轮台国») («خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لۇغىتى»، 202-بەت) قاتارلىق كونكرېت ناملار بىلەن مەشھۇر. ئۇرۇمچى نامى ھەققىدىكى ماتېرىياللاردا، «ئۇرۇمتاي» ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلما شەكلى «رۇمتاي»نى ئۇچرىتىمىز. «تاڭنامە»دە ئۇرۇمچىنىڭ ئەشۇ قىسقارتىلما نامى «رۇمتاي»نىڭ ئەينەن ھالدىكى خەنزۇچە ترانسىپكسىيەسى «لۇنتەي» (轮台) نامى تىلغا ئېلىنغان. «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «روران» («楼兰»)، «كۇئىنلۇن~昆仑»ۋە ھازىرقى كۇئىنلۇن تاغلىرى (昆仑山) تارىم ئويمانلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، بۇ ئۈچ ئاتالغۇ «كىن ئۇرۇم»نىڭ خەنزۇچە ترانسىپكسىيە قىلىنىشى ئىدى. «كىن ئۇرۇم»دىكى «كىن» ئاتالغۇسى «تارىخى خاتىرىلەر» دە ئىككى جايدا تىلغا ئېلىنغان. «شاھنامە»دىكى «ئەۋج

ئېلىپ كىن» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقى مەنىسى تۇرانىنىڭ ئىرانغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: «كىن يىپار- كىندىك ئىپار» (1- قىسىم، 442- بەت)دىكى «كىن»نىڭ بەدەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىندىككە ۋەكىللىك قىلىپ "مەرگەز" ۋە "ئوتتۇرا" ئۇقۇمىنى بىرىدۇ. شۇڭا، «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «...كۆن چىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا "كىن-كەن" سۆزى قوشۇلىدۇ...» (1- قىسىم، 442- بەت)، «ئۆرۈم زۇن- بوياق (يىپەك بويىقى)» (1- قىسىم، 186- بەت) ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق بىزگە، «كىن» ۋە «ئۆرۈم» توغرىسىدا تارىخى خاراكتېرلىك خۇشخەۋەر ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا «كىن»- مەرگەز، ئوتتۇرا؛ «ئۆرۈم»- يىپەك دېگەن مۇنتىزىم يەشىملەرگە ئىگە. ھازىرقى ۋاقىتتىكى تىل ئىستىمالىمىزدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچىنى «ئۆرۈم چاچ» دەيمىز. «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۆرۈم» يىپەكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاددى ۋە قوپال توقۇلۇشىغا قاراپ «ئۆرۈم چاچ»تىكى «ئۆرۈم»گە تەققاسلانغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەككى، «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۆرۈم» نامى «تارىخى خاتىرىلەر»دىكى «رۇران»غا زىپچىلاشقان ئىكەن. ئوغۇز ئاتىمىز قويغان مۇبارەك ئۇيغۇر نامى «رۇران» (ئۆرۈم)لىقلار ئىپتىخارىغا تەۋە بولۇش بىلەن بىرگە، «ئۆرۈم»نىڭ خەنزۇچە تىراسىكسىيىسى «رۇڭ»نى ئۆزگە ئېتنىك مەنبە قىلغان ھونلارمۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرنىڭ بىر قىسمى بولۇشىدا شەك يوق...

## 7- ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدات ئاتىسى ئوغۇزخان («ئاتاساغۇن»)

«ئۇيغۇر» نامىنى ئوغۇز خاقان قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامىنى پەقەت «ئوغۇزنامە»دىلا ئۇچرىتىپ، باشقا تارىخى مەنبەلەردىن ئۇچرىتىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن بولىدۇ ؟ ئوغۇزخاننىڭ تارىختا باشقىچە نامىمۇ بولغانمۇ؟ بىز تۆۋەندىكى تارىخى ئۇچۇرلارغا قاراپ بۇ مەسىلىگىمۇ جاۋاپ تاپالايمىز:

«تۈركى تىللار دىۋانى»: «ئوغۇز، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ

مېلىنى شۇ تامغىغا قاراپ تونۇيدۇ...بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاق ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ...بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدۇر... ئۇلار ئۆز نامىلىرىنى قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۈرگۈزىدۇ.»(1-قىسىم، 77-80-بەتلەر).

«تۈركى تىللار دىۋانى»: «ئاتاساغۇن- تىۋىپ.» (1- قىسىم، 117-بەت).

«...ئوغۇزلار ناھايىتى ھاكاۋۇر، ئۇرۇشقاق ۋە قارانىيەت. قىش-ياز ئوت، سۇ قوغلىشىپ يايلاقلاردا كۆچۈپ ياشايدۇ. يايلاقلىرى ئات، كالا، قوي، قۇرال-ياراغ ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئوۋ ئولجىللىرىدىن ئىبارەت. ئۇلاردا سۆدىگەرلەر كۆپ، ئوغۇزلارنىڭ ياكى سودىگەرلەرنىڭ بارلىق ياخشى نەرسىلىرى، مەيلى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئىتتىقات قىلىش ئوبيېكتى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار تىۋىپلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ، مەيلى قەيەردە ئۇچرىشىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ ئىھتىرام بىلدۈرىدۇ. بۇ تېۋىپلارمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مۈلكىنى كونتۇرۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ بازىرى يوق، لېكىن ئۇلاردىن چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغانلار كۆپ. ئۇلارنىڭ قۇرال-ياراغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى بولۇپ، جەڭلەردە ناھايىتى باتۇر. قەھرىمان كېلىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەللىرىگە ئۈزلۈكسىز ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇش يولىدا قانداق نەرسە ياكى ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ناھايىتى تىزلىك بىلەن چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە سەردارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل- ماجرالارنى ھەل قىلىدۇ.» («ھۇدۇدۇلئالەم»، «19-باپ. ئوغۇز دۆلىتى توغرىسىدا»، 130-بەت).

«بۇ يەرنىڭ شەرقىدە جۇڭگو، جەنۇبىدا تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋ قارلۇق زىمىنى، غەربىدە قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پۈتكۈل زىمىنىغا جايلاشقان. تۈركلەرنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرى ئىچىدە بۇ دۆلەت ئەڭ چوڭ، توققۇز ئوغۇزلار بۇرۇندىنلا ئادەم سانى ئەڭ كۆپ خەلق ئىدى. قەدىمكى زاماندا پۈتكۈل turkنىڭ خانلىرى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن چىقاتتى. ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر مىللەت، ناھايىتى كۆپ

قـۇراللىرى بــار.» («ھۇدۇدۇلئـالەم» ، «12 ـ بــاپ. توققــۇز ئوغــۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا» ، 116 ـ بەت).

«ياغمىلار دۆلىتىنىڭ شەرقىدە توققۇز ئوغـۇز دۆلىتى، جەنۇبىـدا (؟) خـورانگىن دەرياسـى بـار. بـۇ دەريا كۇچا دەرياسـىغا قۇيۇلىـدۇ. غەربىـدە قارلۇق دۆلىتىنىڭ چېگرا رايۇنلىرى بـار. بـۇ دۆلەتنىـڭ دېھقانچىلىقى تـازا روناق تاپمىغان، بىراق يۇڭ ـ تېرە كۆپ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئوۋ ئولجىسـى كـۆپ. ئۇلارنىـڭ بـايلىقى ئـات ۋە قـوي، ئـادەملىرى قەيسـەر، كۈچلـۈك، ئۇرۇشـخۇمار؛ قـۇراللىرى ناھـايىتى كـۆپ، ئۇلارنىـڭ پادىشـاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىـر قوۋمـدىن. ياغمىلارنىـڭ نۇرغـۇن قەبىلىسـى بـار، ئىپتىشـلارغا قارىغانـدا ئـۇلاردىن نامـدار 1700 قەبىلـە بـار ئىكەن. ئۇلار مەيلى تۆۋەن تەبىقىدىكەر بولسۇن ياكى ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن پادىشاھىنى ھۆرمەت قىلىدۇ...» («ھۇدۇدۇلئـالەم» ، «13 ـ بـاپ. يـاغمىلار دۆلىتى ۋە ئۇلارنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا» ، 119 ـ بەت).

«تـۈركى تىلـلار دىـۋانى» ۋە «ھودۇدۇلئـالەم»دىكـى ئۇچـۇرلاردىن مەلـۇمكى، قەدىمكـى جەمئىيەتـتە كىشـىلەرنىڭ ھايـاتى ۋە مـال ـ مـۈلكىنى كونتـۇرول قىلغـۇچىلار دىنـدارلار بىـلەن پادىشـاھلاردۇر. «تـۈركى تىلـلار دىـۋانى»دىكـى «ئاتاساغۇن ـ تىۋـپ» بىـرلا شـەخس بولغـان ئىـكەن، ئـۇ چوقـۇم ھەم دىنـدار ھەم پادىشـاھ سـالاھىيىتىدىكى تـۈركىي مىللەتلىرىنىـڭ شاھ ئاتىسىدۇر. «دىۋان» دىكى «خان ـ تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئەفراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ" خان" دېيىلىدۇ. ئەفراسىياپنىڭ ئۆزى "خاقـان " دېيىلىدۇ.» دېگەن سۆزدىن مەلۇمكى، تـۈركىي مىللەتلىرىـدىن بىرىنچـى بولـۇپ «خــان» ســالاھىيىتىنى ھازىرلىغــان كىشــى «ئوغۇزنــامە»دىكـى «ئوغۇزخان»دۇر. «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەن «ئوك تەرەپتىكى ئـالتۇن خاقـان» بىــلەن «سـول تەرەپتىكـى ئـۈرۈم خاقـان»نـى تـۇنجى قېتىم بىرلەشـتۈرگۈچى دەل «ئوغۇزخــان» . «ئوغۇزخــان» تــۈركلەر تارىخىــدا «ئاتاسـاغۇن»دىـن ئىبـارەت بـۇ تـارىخىي شەخسـكە ئەڭ مۇۋاپىـق نـامزات بولالىشىدا ئىختىلاپ بولمىسا كېرەك. «ئاتاساغۇن»دىكى «ساغۇن» سـاكلار بىـلەن ھـونلار نامىنىـڭ قىسقارتىلمىسـى بولـۇپ، «ئاتاسـاغۇن» ـ سـاكلار بىـلەن ھونلارنىـڭ ئاتىسـى دېگەنلىـك. ئوقـۇرمەنلەر بـۇ ئـاددىي يەشـمىگە قاراپ: «"ئاتاساغۇن "ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇنـداقتا، "بالاسـاغۇن" ـ سـاكلار بىــلەن ھونلارنىــڭ پەرزەنتــى دېگەنلىكقــۇ ؟»دەپ

سورىشــى تەبىئىــي. ھەرگــز ئۇنــداق ئەمەس! «ئاتاســاغۇن» بىــلەن «بالاســاغۇن» دېــن ئىبــارەت ھەر ئىككــى ئاتــالغۇدىكى «ســاغۇن» يەنىلا ساكلار بىلەن ھونلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما «بالاسـاغۇن»دىكى «بـالا»نـى مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز مۇنداق ئىزاھلىغان: «بىـرلە ـ بىللە، بىـلەن... بەزىدە سۆزنى يىنىكلىتىش ئۈچۈن ” ر“ ھەرپى تاشلىنىپ، ”بىلا، بىلە“ دېيىلىدۇ» («تۈركىي تىللاردىۋانى»، 1 ـ قىسىم، 561 ـ بەت). بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بالا»نىڭ ئەسلىي مەنىسى بىللە تۇرغۇچى دېگەن مەناغا ئىگە. شۇنداق بولغانـدا، «بالاساغۇن» ـ ساك بىـلەن ھـون بىللە، ساك بىـلەن ھونلارنىڭ بۈيۈك بىرلىكسىپى دېگەنلىك. تارىختا ھـونلار بىـلەن ساكلارنى بىرلەشــتۈرگىچى «ئاتاســاغۇن» نــامى پەقەت بىــرلا تــارىخىي شــەخس («ئوغۇزخــان») نــى كۆرسەتســە، «ســاغۇن» ھــونلار بىــلەن ســاكلارنىڭ بىرلىكسەپ تۈزگەن جاي نامىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە «بالاساغۇن» شـەھرى ئىسكەندەر ئىستىلاسـىدىن كېيىن بەرپە قىلىنغـان شـەھەر بولسـىمۇ، ئەمما «ساغۇن» ۋە «ئاتاساغۇن» ئاتالغۇسى «بالاساغۇن» ئاتالغۇسىدىن تولىمۇ قەدىدەم ئاتــالغۇ. ھـونلار بىــلەن سـاكلارنى تـۈنجى قېـتىم قېرىنداشـلارچە قۇچاقلاشـتۇرۇپ، ئوغـۇز قەۋملىرىنـى بىرلەشتۈرۈشـكە مـۇۋەپپەق بولالىغـان «ئاتاساغۇن» («ئوغۇزخان») چەكسىز ئىپتىخارلىق ئىلھاملىرىدا «ساغۇن» ئاتالغۇســىنى تــۈنجى قېــتىم ئوتتۇرىغــا قويغــان بولۇشــى مــۇمكىن. «ھودۇدۇلئالەم» دىكى چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، «ئاتاساغۇن» ساكلار بىلەن ھونلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى كونتـرول قىلغـۇچى بىردىنبىر شاھىنشاھتۇر.

ئوغۇزخان ئەتراپىتىكى قېرىنـداش قەۋمـلەرگە يوللىغـان مەكتۇبىـدا: « مەن ئۇيغۇرلارنــىڭ خاقــانىمەن، مەن پۈتـۈن جاھاننىــڭ خاقانى بولۇشـۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بوي سۇنۇشىڭلارنى سورايمەن. كىمكى مېنىـڭ ئاغزىمغا باقسا، مەن ئۇنىڭغا تـارتۇق تارتىـپ، ئۇنىـڭ بىـلەن دوسـت بولىمەن. كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىـلەن لەشـكەر تارتىـپ، ئۇنى ئۆزۈمگە دۈشمەن تۇتىمەن. لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ» دەپ جاكارلايدۇ («ئوغۇزنامە» 46 ـ، 47 ـ بەتلەر). ئوغۇزخاننىڭ بۇ يەردە « مەن ئۇيغۇرلارنــىڭ خاقــانىمەن» دېگەنلىكــى، «ئۇيغــۇر» نامىنىــڭ ھەرگىزمۇ ئوغۇزخـان دەۋرىـدىن بـۇرۇن مەۋجۇتلىقىـدىن دېـرەك بەرمەيـدۇ. «ئۇيغۇر» نامى ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈشـتىكى

سىياسى شۇئارى ۋە سىياسى مۇداﺋاسىدىكى ئۆزى قويغان يېڭىچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» (ئۇيغۇرخان) دېيىش ئارقىلىق، تۇنجى قېتىملىق تۈركى قەۋملىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى، بىرلىكسەپ قۇرغۇچى، ئويۇشتۇرغۇچى، خۇددى «قور-كۆنەلگە»گە ئوخشاش سۈتنى ئۇيۇتتۇرغۇچى «قور پادىشاھ ~ 胡王» ((http://baike.baidu.com/view/500205.htm سالاھىيىتىنى نامايەن قىلغان. قەتئىي ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ يەردىكى «قور- كۆنەلگە» ئوغۇزخان پادىشاھقا، ئۇ ئۇيۇتتۇرماقچى بولغان سۈت پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرى (ئوغۇز قەۋملىرى)گە سىمۋوللانغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان «ساقلاپ»، «قانقا»، «تۆمۈر دۇقاغۇل»، «قاغارلىغ»، «قىپچاق» قاتارلىق نامىلارنى ھەربىر تارىخى ۋەقەلىككە باغلاپ قويغانلىقىنى، ئەمما، ئۇيغۇر نامىنى ھېچقانداق ۋەقەلىككە باغلىمايلا تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ئىدۇق. بىزدىكى ئەپسۇسلۇق، تارىخى تەپەككۇرىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئوغۇزخاننىڭ سىياسى مۇدداﺋاسىنى نەزەرگە ئالماسلىقتىن كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىنتايىن ھالقىلىق يېرىدە ئۇيغۇر نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى، ئوغۇزخاننىڭ خۇددى «قور» (كۆنەلگە)گە ئوخشاش سۈتنى قېتىقتەك ئويۇتتۇرغىنىدەك، پۈتكۈل ئوقياچى خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئويۇشتۇرۇشنى ئەڭ ئالى غايە قىلغانلىقىدۇر. مانا بۇ، پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنىڭ ھەممەپەسلىكىنى ئۇيغۇر (قور) نامىغا تەڭداش قىلغان زور تارىخى بۇرۇلۇش پەيتىدىكى مۆجىزىلىك ئاتالغۇ.

ئۆزگىلەر مەجبۇرى سوۋغا قىلمىغان بولمىسىلا، بىر مىللەتنىڭ مۇبارەك نامىنى مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار پەيتلىرىدە شۇ مىللەت ئەزالىرى ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئەۋدات- ئاتىللىرى قويغان بولىدۇ. تۈركى مىللەتلىرىنىڭ قەدىمقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم ئاجايىپ ئېپتىخارلىق ئەڭ جەڭگىۋار چاغلىرى بولغان. بىرى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3400- يىللاردا (ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا. بۇ مەسىلىنى تۆۋەندە ئايرىم تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز) ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركى قەۋملىرىنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدەك جەڭگىۋار پەيتى. ئىككىنچى قېتىملىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 500 يىللارغا توغرا كېلىدىغان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) دەۋرى. ئۈچىنچى قېتىملىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى

195 ـ يىللار ئەتراپىدا هون خانى باتۇرخاننىڭ: «بارچە ئۇقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى» («تارىخى خاتىرىلەر 110 ـ جىلد، هونلار تەزكىرىسى»، 407 ـ بەت) دېگىنىدەك ـ جەڭگىۋار پەيتى. ئۇيغۇر نامىنىڭ ئوغۇزخان دەۋرى، ئالىپ ئەرتۇڭاخان دەۋرى ياكى باتۇرخان دەۋرىنىڭ قايسىسىدا قويۇلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، باتۇرخان دەۋرىدە قويۇلغانلىقىنى بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «دىۋان» دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن ئۇيغۇر نامىنىڭ تىل يىلتىزى ھەققىدىكى «خۇزخۇر» (xuzxur) نامىنىڭ تىلغا ئېلىنغان ۋاختى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ دېيىلسە، باتۇرخان «خۇزخۇر» نامىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن 134 يىل كېيىن ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر، ئۇيغۇر نامىنى ئالىپ ئەرتۇڭا دەۋرىدە قويۇلغان دەپ قارىساق، بۇ خىل قاراشمۇ تارىخى مەنتىقىگە زىتلىقى بىلەن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭا ئىران بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان مارافونچە ئۇرۇشتىكى تۇرانلارنىڭ ئىرانغا قارشى تارىخى قەھرىمانى بولۇپ، تارىخى بايانلاردا «قاراخان» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، نوقۇل «تۆۋەن چىن» (ماچىن) نىڭ پادىشاسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ ئىران بىلەن بولغان تۈگىمەس جەڭگە ـ جېدەللىرىدىن «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرلىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەپلىك ئۇ، «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئالتۇن خاقان» بىلەن «سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان» نى بىرلەشتۈرگىدەك تارىخى سالاھىيەتنى هازىرلىمىغان. ئەگەر بىز، ئوغۇزخان بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭانى بىر تارىخى شەخسنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىساق، ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ پەرزەنتلىرى ئوغلى «بارمان» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3 ـ قىسىم، 503 ـ بەت)، قىزى «قاز» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3 ـ قىسىم، 204 ـ بەت) بىلەن ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن روشەن پەرقكە ئىگە.

ئۇنداقتا، «خۇزخۇر» (xuzxur) نامىنى ماكادونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قويغانمۇ ؟ ئىسكەندەرنىڭ شەرق ئىستىلاسى قەدىمىنىڭ تۇران ئىلىگە يېتىشى، تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار پەيتلىرىمىدى؟ ئىسكەندەر بارلىق ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ ئەجداد سالاھىتىگە ئېگىمۇ ؟

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى: «ئوغۇز تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى... ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ مىلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ... بىرىنچىسى: قىنىق. ئىككىنچىسى: قايىغ. ئۈچىنچىسى: بايۇندۇر... بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر... ئۇلارمۇ ئۆز ناملىرىنى قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۇرگۈزىدۇ.» (1-قىسىم، 77-، 78-، 80-بەتلەر) دېگەن بايانغا قارىغاندا، ئىسكەندەرنى تۈركى قەۋملىرىنىڭ ئەجدادى دىيىشكە بولمىغانلىقى ئۈستىگە، «ئىنانىد خۇزخۇراند» (inan xuzxurand) نامىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاستە قويغانلىقى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. «ئىنانىد خۇزخۇراند» (inan xuzxurand) گىركچە ئاتالغۇ ئەمەس، ھەم پارسچە ئاتالغۇ ئەمەس. ئۇ، ساپ تۈرك تىلى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا سۆزمۇ-سۆز مەناسى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن؛ «ئىنانىدىم، ئىشەندىم. مەن ئاڭا ئىنانىدىم-مەن ئاڭا ئىشەندىم...» (1-قىسىم، 276-بەت). «ئىنانچ-ئىشەنچ، ئىشەنچلىك.» (1-قىسىم، 180-بەت). «ئىنانچ-ئىشەنچ، ئىشەنچلىك، ئىنانچ بەگ-ئىشەنچلىك بەگ»(3-قىسىم، 609-بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا «ئىنان» (inan)-ئىشەنچ، ئىشەنچلىك دېگەن مەنىدە. ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىز بويىچە «خۇزخۇر» (xuzxur)-ئىتتىپاقلاشماق، ئۇيۇشماق دېگەن مەنىدە. «ئاند-قەسەم...» (1-قىسىم، 60-بەت). «ئاندغاردىم-قەسەم ئىچكۈزدۈم...» (1-قىسىم، 410- بەت). «ئاندغاردى-ئاند ئىچكۈزدى، قەسەم قىلدۇردى» (3-قىسىم575-بەت). بۇنىڭدىن مەلۇمكى «ئاند» (and)-قەسەم مەنىسىدە كەلگەن. ئۈچ سۆزلەمنى بىرلەشتۈرگەندە «ئىنانىد خۇزخۇراند» (inan xuzxurand)-ئۇيۇشۇش (بىرلىكسەپ تۈزۈش ~ ئىتتىپاقلىشىش ~ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش) ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىكلەر دېگەن مەنانى ئاشكارىلايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئوتتۇرغا قويۇلغان تۆۋەندىكى تەپسىلاتنى ئىنچىكىلىك تەھلىل قىلغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ ماھايىتى تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارىلىنىدۇ:

«ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇرغا يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى

تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند-بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يىيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-قىسىم، 151-بەت). بۇ ئۆچۈردىن قارىغاندا، تۈرك خاقانى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن چەبدەس، ئۆز ئاتا ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىنمۇ قورقمايدىغان، ياش ۋە قورقۇمسىز تۆت مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ئۇلار زور قوشۇن ئالدىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ھەممىسى قۇربان بولغان. پەقەت بىرنەچچىسى يارىدار ھالەتتە ئىلاجىسىز ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتقان ھالدا، غەزەپ قەھرى بىلەن: «ئىناند خۇزخۇراند !!!» (inan xuzxurand !!!) - بىز ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىك قېرىنداشلارمىز !!! دېگەن شۇئارنى قاتتىق توۋلاپ، ئۆلۈمنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىغان. بۇ ئېھتىماللىقنى تۆۋەندىكى يەنە بىر ئۆچۈر تېخىمۇ قۇۋەتلەيدۇ:

«ئۆگە-تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، گاداڭ. ئاددى خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى-سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىنىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: ‹سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى› دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى ‹ئۆگە› سۆزىنى قوللۇنۇپ، ‹ئۆگەنمۇ؟› دېگەن. ۋەزىر ‹ھەئە› دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار

قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىلىلارنى كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن: ‹بۇ نېمە؟› دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: ‹ئالتۇن قان› دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كىچىلىك ھوجۇمىدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن.» («تۈركى تىللار دىۋانى»، 1-قىسىم، 122-، 123-بەت). بۇ باياندىن شۇنداق بىر ئېسىل ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە شۇنداق بىر ھېكمەت ئايانكى، تۈرك ئەسكەرلىرى ئىچىدە قېرى ۋە قىرانلار سەۋرچانلىق بىلەن ئەپلىك پۇرسەت ئىزلەپ، تەجرىبىلىك ھالدا ئۇرۇش قىلىپ ھامان غەلىبە قىلىشنىلا ئويلايدۇ. ئەگەر، ئۇلارنىڭ غەلبە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا، چېكىنىشنىمۇ بىردىن-بىر ئاقىلانە چارە دەپ قارايدۇ. تۈرك خاقانى بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەقەت ۋە پەقەت ياشلارنىلا ئاتلاندۇرۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئۇزۇل-كېسىل قۇربان بېرىش روھى بىلەنلا ئىسكەندەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، سۈلھىگە مەجبۇرلاشنى ئاخىرقى مەخسەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جىددى پەيتتە بۇ ھېكمەتتىن ۋەزىرنى ۋاقىپلاندۇرۇش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ۋاقىپلاندۇرۇلغان تەقدىردە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسىمۇ، 4000 ياش ئەسكەرنىڭ 8000 ئاتا-ئانىسىنىڭ قان- ياشلىق كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرىغا پادىشاھ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پادىشاھ يۈزە كۆرۈنۈشتە ۋەزىرنىڭ مەسلەھەتنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، يەنىلا تەكرار قاتتىق سىناقتىن ئۆتكەن بىرلا ياشانغان كىشىنى ئەۋەتكەن. ئېھتىمال بۇ ياشانغان كىشى پادىشاھنىڭ ئايرىم قوبۇل قىلىشى ۋە قۇلاق تۈۋىگە پىچىرلاشلىرى ئارقىلىق، پادىشاھ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ۋىدالىشىش خاراكتېرلىك خەيرلەشكەن بولىشى مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەھىمىلىك ھالدا شۇنداق ئويلىدىكى: «بىرنەچچە مىڭ تۈرك ئەسكىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بۇ دەرىجىدە بولسا، نەچچە ئون مىڭ تۈرك ئەسكىرىنىڭ ھەيۋىتىگە كىم بەرداشلىق بېرەر؟... ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان بىر- ئىككى ئەسىرنىڭ ‹ئىنانىد خۇزخۇراند !!!› (inan xuzxurand!!!) دەپ تۈۋلىشى ئەسكەرلىرىمنىڭ يۈرىكىگە قانچىلىك قورقۇنۇچ سالغاندۇ ؟...»؛ ئىسكەندەر، «ئىنانىد خۇزخۇراند» (inan xuzxurand)نىڭ ئاددى يەشمىسى بولغان- «ئۇيۇشۇش (بىرلىكسەپ تۈزۈش ~ ئىتتىپاقلىشىش ~

بىر ياقتىن باش چىقىرىش) ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئىشەنچلىك قېتىنداشلارمىز» دېگەن خاتابى شۇئارنى ھەربى ئالىم ۋە سىياسىيونغا خاس سەزگۈرلىكى بىلەن: «بۇلار باشقىلارغا مۇختاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دېگەن ئالاھىدە بولغان باشقىچە تەبىرنى بەردى. ئۇنىڭ بۇ تەبىرى، تۈركى قەۋملىرىنىڭ قېرىنداشلارچە بىرلىكسىپى، خۇددى، كوللىكتىپ ھالدا ئوۋ ئوۋلىغان بۆرىلەرنىڭ نەتىجىسىز قالمىغىنىغا ئوخشىتىلغان ئىدى. تۈرك پادىشاسىنىڭ كۆتكىنىدەك «سىرلىق تاكتىكا»نىڭ مۆجىزىلىك نەتىجىسى كۆرۈلدى؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ تۈركلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى... «زۇلقەرنەيىن شۇ كىچىلىك ھوجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن.»

يۇقارقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن «ئىنانىد خۇزخۇراند» دېگەن ئاتالغۇنى ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرغا قويمىغان بولۇپ، ئۇ، تۈرك پادىشاسىنىڭ «سىرلىق تاكتىكا»سىنىڭ تەسىرىدە، «خۇزخۇر» غا خۇددى ئۇيغۇر نامىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا ئوخشاش تىل شۇناسلىق نوقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەربى ۋە سىياسى نوقتىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ـ خالاس.

ئىسكەندەرنىڭ شەرق ئىستىلاسىغا ئاتلىنىپ تۈرك زېمىنىغا ئىچكىر-لەپ كىرىشى، بىز يۇقۇردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «خۇزخۇر» نامىنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدىغان تۈركى قەۋملىرىنىڭ جەڭگىۋار پەيتى ئەمەس. بەكلى ئۇلارنىڭ ھەربى مۇداپىئە ھالىتىدە، ھەتتا چېكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى ئىككى تەپسىلاتتىن ئېنىق كۆرەلەيمىز:

«...زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ ‹شۇ› ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى ‹شۇ› قەلئەسىنى ‹شۇ› ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: ‹زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نىمە بۇيرۇقلىرى باركىن؟› دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان ‹شۇ› خۇجەند دەرياسى

بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىپ تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي هالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن هېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۆمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆدەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئويناپدىكەن. خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ موشۇ كۆمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: ‹غاز، ئۆدەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟› دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۇلاردا ‹خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس› دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەشۋىش پەيدا بوپتۇ. ئۇلاق تاپالىغانلار ئالدىراش-تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاقلارغا مىنىشىپ خاقاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ، تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۇپ-تۈز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كۆچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاق تاپالمىغانلىقتىن، بالا-چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتاپنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلەھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك-تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ، ھېرىپ-ئاچقان،

ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېلىپ قالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ، يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا: ‹ئەي ئادەملەر، زۇلقەرنەيىن بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بەربىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز› دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە: ‹قالاچ-مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار› دەپتۇ. كېيىن ئۇلار ‹قالاچ › دەپ ئاتىلىپ قالغان. خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر. زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىللىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار ‹تۈرك مانەند-تۈرككە ئوخشايدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنكە قەدەر نام بولۇپ قالغان. تۈرۈكمەنلەر ئەسلىدە يىگىرمە تۆت قەبىلىدۇر. لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر. خاقان ‹شۇ› چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش ‹ئالتۇنقان-ئالتۇن خان› دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە ‹ئالتۇنخان› دەپ ئاتىلىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خاقان ‹شۇ› قايتىپ كېلىدۇ. ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرلەيدۇ، ئاندىن ئۆزنامى بىلەن ئاتالغان ‹شۇ› شەھەرنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ» (3-قىسىم، 564-بەت).

«سۇ كەلدى يەر ياپا
قارار قار (كۆكنى با)سا
قاچتى ئاگار ئالىب ئايا
ئۇفۇت بولۇپ ئول ياشار»

(«يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ- توزان ئۈپۈقنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالپ ئايا دىگەن كىشى قاچتى، ئۇ يېڭىلگەچكە ئۈيۈلۈپ ياشىدى.») («تۈركى تىللار دىۋانى»، 3-قىسىم، 288- بەت). شېرىدىكى دەسلەپكى ئىككى مىسرا، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ پامىر-قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىغاندىكى دەھشەتلىك كۆرىنىش تەسۋىرى. كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى تەسۋىرلەنگەن شەخس «تۆۋەن چىن» نىڭ پادىشاسى «ئالپ ئايا» بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) تىن 171 يىل كېيىن ياشىغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 329-يىللاردىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ تۇنجى قېتىم زەربىسگە ئۇچرىغان، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ 4- ، 5-ئەۋلادى بولىشى مۇمكىن. «ئالپ ئايا» چوقۇمكى «ئالپ ئەرتۇڭا»دىكى «ئالپ»نى تەخەللۇس قىلغان.

يۇقارقى تارىخى بايانلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىسكەندەر ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر نامىنى قوغۇچىلاردىن ئەمەس بەلكى، ئۇيغۇر نامىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى جەڭگىۋارلىقىغا ئىجابى جەھەتتىن باھا بەرگۈچى خالاس. ئۇيغۇر نامىنى قويغۇچى ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىماللىق يەنىلا ئوغۇزخان.

يۇقارقى تەپسىلاتتىكى ئۇيغۇر نامىنىڭ قويۇلىشىدىكى 5600 يىلدىن ئاتۇق تارىختىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، گەرچە ھونلارنى بۇگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دېسەكمۇ، ئەمەلىيەتتە «ئوغۇزنامە»دىكى «ئۇرۇم» لارنىڭ بىرقىسمى بولغان ھونلارنىڭ مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى تارىم ۋە جۇڭغاردىن ئايرىلىپ شەرقكە سىلجىشىدىن ئۇلارنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىشىمىزغا ئاساس بولالايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، تارىم ۋە جۇڭغاردىن ئايرىلماي، ئېپتىدادىن ئىنتىھاسىغىچە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى «ئۇرۇم»لىقلار نەزەرگە ئېلىنماسلىقتەك «تۆگىنى مىنىپ ئۇنىڭ سانىنى كەم چىقىرىش» ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.